﴿وَرَتِّلِ الْقُرْاٰنَ تَرْتِيْلاً﴾

﴿ قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (يەنى دانە ـ دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن﴾

# جمال القران

(تەجۋىد)

مؤلف: حكيم الأمت حضرت مولانا حافظ قارى شاه محمد اشرف علي صاحب تھانوي

معه حواشى جديدة
للأستاذ المقرئ فضيلة الشيخ إظهار أحمد التهانوي

# بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

## «قرآن كريم» تلاوت قىلىشنىڭ و تلاوت قىلغۇچىنىڭ فضلى

الله تَعَالىٰ «قرآن كـريم»ده مۇنداق دەيدۇ: ﴿اَلَّـذِيْنَ اٰتَيْنَاهُمُ الْكِتَابَ يَتْلُوْنَهُ حَقَّ تِلاَوَتِهِ ط اُولٰئِكَ يُؤْمِنُوْنَ بِهِ ط﴾ «بىز عطاء قىلغان كتابنى تېگىشلىك رەۋىشته ئوقۇيدىغانلار بار، ئەنە شۇلار ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ» (سوره بقره 121 - آيت).

عثمان ابن عَفّان رضى الله تَعَالىٰ عنه رسول الله ﷺنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «**خَيْرُكُمْ مَنْ تَعَلَّمَ الْقُرْاٰنَ وَعَلَّمَهُ**» (رواه البخارى). «سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئەڭ ياخشى كىشى، ‹قرآن كريم› ئوقۇشنى ئۆگەنگەن و ئۆگەتكەن كىشىدۇر».

عائشه رضى الله عنها رسول الله ﷺنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «**اَلْمَاهِرُ بِالْقُرْاٰنِ مَعَ السَّفَرَةِ الْكِرَامِ الْبَرَرَةِ وَالَّذِىْ يَقْرَأُ**

الْقُرْاٰنَ وَيَتَتَعْتَعُ فِيْهِ وَهُوَ عَلَيْهِ شاَقٌّ لَهُ اَجْــرَانِ» (رواهُ مــسلم).
«‹قــرآن كــريم› ئوقۇشقا ئۇستا كىشى حرمــتلىك ياخشى
پەرىشتىلەردىن بولغان پۈتۈكچىلەر بىلەن بىللە بولىدۇ و قانداق
بىركىشى ‹قرآن كريم›نى كېكەچلەپ تەسلىكتە ئوقۇسا، ئۇنىڭغا
ئىككى اجر بېرىلىدۇ».

عبد الله ابن مسعود رضى الله تَعَالىٰ عنه رسول الله دىن مۇنداق
حديث روايت قىلغان: «مَنْ قَرَأَ حَرْفًا مِنْ كِتَابِ اللهِ فَلَهُ بِهِ حَسَنَةٌ
وَالْحَسَنَةُ بِعَشْرِ اَمْثَالِهَا لاَ اَقُوْلُ: الم حَرْفٌ وَ لٰكِنْ اَلِفٌ حَــرْفٌ وَلاَمٌ
حَرْفٌ وَمِيْمٌ حَرْفٌ» (رواه الترمــذى). «كىمكى الله تَعَــالىٰنىڭ
كتابِدىن بىرحرف ئوقۇسا، ئۇنىڭ بَدَلِگە بىر ياخشىلىق بېرىلىدۇ
و ياخشى ئىشتىن بىرنى بەجا كەلتۈرسە، ئۇنىڭغا ئون ھەسسە
كۆپەيتىپ اجر بېرىدۇ. الف لام ميمنى بىر حرف دېمەيمەن و لكن
الف بىر حرف و لام بىر حرف و ميم بىر حرفدۇر».

مُعَاذ جُهَنِى رضى الله تَعَالىٰ عنه رسول الله دىن مۇنداق حــديث
روايت قىلىدۇ: «مَنْ قَرَأَ الْقُرْاٰنَ وَعَمِلَ بِمَا فِيْهِ اُلْبِسَ وَالِدَاهُ تَاجًا يَوْمَ
الْقِيَامَةِ ضَوْئُهُ اَحْسَنُ مِنْ ضَوْءِ الشَّمْسِ فِيْ بُيُوْتِ الدُّنْيَا لَوْ كَانَــتْ
فِيْكُمْ فَمَا ظَنُّكُمْ بِالَّذِىْ عَمِلَ بِهٰذَا» (رواه ابوداود). «كىمكى ‹قرآن
كريم›نى ئوقۇپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى احكــامغا عمــل قىلسا، ئۇ
كىشىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا قيامەتكۈنى دنيا ئۆيلىرىگە چۈشكەن قۇياش

نۇرىدىنمۇ ئۈتكۈر نۇرلۇق تاج كىيدۈرۈلىدۇ، ئەگەر قۇياش سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلەردە بولسا، ئۇ قانچە يورۇق قىلىۋېتە! دېمەك، ‹قــرآن كريم›گە عمل قىلغان كىشىنىڭ ئۆزىگە نېمە گۇمانىڭلار بار؟ ئۇنداق بولغاندا ئىچىڭلەردىكى ‹قرآن كريم›نى ئوقۇپ ئۇنىڭغا عمل قىلغان كىشىنىڭ ئۆزى بىر نۇردۇر».

عبد الله ابن عباس رضى الله تَعَالىٰ عنه رسول الله دىن مۇنداق حــديث روايت قىلغان: «**اِنَّ الَّذِىْ لَيْسَ فِىْ جَوْفِهِ شَئٌ مِنَ الْقُرْاٰنِ كَالْبَيْتِ الْخَرِبِ**» (رواه الترمذى). «قانداق بىركىشىنىڭ قورسىقىدا ‹قرآن كريم›دىن بىرەرمۇ كلمه بولمىسا، ئۇ كىشى ۋەيرانە بولغان ئۆيگە ئوخشايدۇ».

## «قرآن كريم» تلاوت قىلىشتىكى ادب ـ قاعده

«قرآن كــريم»نى تــلاوت قىلماقچى بولغان كىشى نجاتكار بەندىلەر قاتارىغا ئۆتۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرقانچە ادب ـ قاعدەگە رعايه قىلىشى لازم:

1) مسواك بىلەن طهــارت ئالغاندىن كېيىن، پاك كىيىنىپ خالى جايدا قبله طرفكه يۈز كەلتۈرگەن هالدا قلب حضور بىلەن تلاوت قىلىپ، گويا ئۆزى حق تَعَالىٰغا بۇ كلامنى ئاڭلىتىۋاتقاندەك تۇيغۇدا ئوقۇشى لازم.

2) «قرآن كريم»نى اخـــلاص بىلەن ئۆگەنگەي و ئۆگەتكەي. چۈنكى اخـــلاص بولسا عبـــادتلەرنىڭ ئەڭ افـــضلى، ئۇنداق بولغىنىكەن «قرآن كريم»نى مال ـ دنياغا ئېرىشىش، ياكى نام ـ ئابرۇي تېپىش، ياكى ئۆزىنى باشقىلارغا كۆز ـ كۆز قىلىش دېگەندەك رذيل نيتدە ئۆگەنمەسلىك و ئۆگەتمەسلىك لازم.

3) «قرآن كريم»نىڭ معنى مـــضمونلىرىنى بولسا چۈشىنىپ ئوقۇغاي، بۇ ترتيل بىلەن ئوقۇغاندا حاصل بولىدۇ.

4) «قرآن كريم»نى حقيقى رەۋىشتە تلاوت قىلغاي، يعـــنى ئۇ حلال دېگەننى حلال بىلىپ، حرام دېگەننى حرام بىلىش بىلەن بىرگە قانداق نازل قىلىنغان بولسا، شۇنىڭ ئۆز عينى ئوقۇغاي، بۇ تجويد بىلەن حاصل بولىدۇ.

5) «قرآن كريم»نى ناهايتى مۇڭلۇق ئاهاڭدا ئوقۇغاي، مۇنداق ئوقۇش بولسا «قرآن كريم»نى حرمتلىگەنلىك.

## علم تجويدنىڭ پرىنسىپلىرى

هەر قانداق فننىڭ پرىنسىپى ئون بولىدۇ، شۇنىڭدەك بۇ تجويد فننىڭ پرىنسىپلىرىمۇ ئون:

1) تجويدنىڭ تعريفى: مصنف بۇنى كتابنىڭ بېشىدا بيان قىلدى.

2) تجويدنىڭ موضوعى: (تەتقىقات دائىرىسى) خاص «قرآن كريم» كلمەلرى.

3) تجويدنىڭ مقصدى: «قرآن كريم»نى خطاء ئوقۇشتىن تىلنى ساقلاپ، الله تَعَالٰىنىڭ راضىلىقىغا ئېرىشىشتىن عبارت.

4) تجويدنىڭ فضلى: بۇ الله تَعَالٰىنىڭ كتابدىنلا بحث قىلغاچقا، علوم شرعيەنىڭ بىر قسمى.

5) تجويدنىڭ نسبتى: بۇ علوم شرعيەگە منسوب.

6) تجويدنىڭ قۇرغۇچىسى: الله تبارك وتَعَالٰىدۇر.

7) تجويدنىڭ اسمى: علم تجويددۇر.

8) تجويدنى ئېلىش منبعى: عربى علم ورسول الله ﷺنىڭ مبارك سۆزىدۇر.

9) بېكىتكۈچىنىڭ فرمانى: ﴿وَرَتِّلِ الْقُرْاٰنَ تَرْتِيْلاً﴾ دېگەن جەھەتتىن واجب .

10) تجويدنىڭ قائدەلرى: بۇ تۆۋەندە بيان قىلىنغان مفصَّل قاعدەلەردۇر.

# بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

## بىرىنچى درس

تجويد[1] دەپ ھەر بىر حرفنى ئۆز مَخْرَجِدىن چىقىرىپ، ئۇنى صفتلىك ئورۇندىغاننى دەيدۇ.

و بۇ علمنىڭ حقيقىي مۇشۇ مقدار[2]دۇر. مخرج و صفتلەر تۆتىنچى و بەشىنچى درستە كېلىدۇ.

---

**بسم الله الرحمن الرحيم شرحى:**

[1] عرب تىلىدا تجويدنىڭ لغت معنىسى ياخشىلىماق، دېگەن بولدى. و اِصْطِلاحى معنىسىنى مؤلّف بيان قىلدى.

[2] بۇ بولسا ئەڭ ئىخچام ئۇقۇم. اَمَّا كامل بولۇش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، تجويد علمى و تۇزۇمگە ماھر استاذلاردىن عملى ئۆگىنىش ضرور بولىدۇ. بۇ فننىڭ تعريـــفِگە ئىككى نەرسە داخل: بىرى، حرفلەرنى ئۆز مخرجلىرىدىن چىقىرىش، يەنە بىرى، ئۇنىڭ ھەممە صفتلىرىنى تولۇق ئورۇنداش. معلوم بولدىكى، «وقف»گە ئائىت باب تجويد فـــنِّنىڭ قاعـــدەلىرىدىن ئايرىم تۇرىدىغان باشقا فندۇر. لكن ئۇنىڭ تجويدگە يەنىلا چوڭقۇر علاقىسى بار. بۇمۇ معلـــوم بولىدىكى، گۈزەل ئاۋاز بىلەن ئوقۇش تجويد فنِّدىن تاشقىرى بىر ئىشتۇر.

# ئىككىنچى درس

«قران كريم»نى تجويدكه خلاف ئوقۇش، ياكى خطاء ئوقۇش، ياكى قاعدەسىز ئوقۇش لَحْن دېيىلىدۇ. بۇ ئىككى قسم: بىرى، بىر حرف‌نىڭ ئورنىغا يەنە بىر حرفنى ئوقۇۋېتىش، مثلاً: ﴿اَلْحَمْدُ﴾نىڭ ئورنىدا ‹اَلْهَمْــــدُ›، ياكى ‹ث›نىڭ ئورنىدا ‹س› ئوقۇش، ياكى ‹ح›نىڭ ئورنىدا ‹هـ›، ‹ذ›نىڭ ئورنىدا ‹ز›، ‹ص›نىڭ ئورنىدا ‹س›، ‹ض›نىڭ ئورنىدا ‹ذ› ياكى ‹ظ›، ‹ظ›نىڭ ئورنىدا ‹ز›، ‹ع›نىڭ ئورنىدا همزه (أ) ئوقۇش، ياكى بىر قسم حــرفنى ئاشۇرىۋېتىش، مــثلاً: ﴿اَلْحَمْــدُ لِلّٰهِ﴾دىكى ‹دال›نىڭ پەشىنى و‹ه›نىڭ زىرىنى ‹اَلْحَمْــدُوْ لِلّٰهِــىْ› دەپ ئوقۇۋېتىش، ياكى قىسمەن حــرفنى ئازايتىۋېتىش، مثلاً: ﴿لَمْ يُوْلَدْ﴾دىكى ‹واو›نى اظهار قىلماي ‹لَــمْ يُلَدْ› دەپ ئوقۇش ياكى زىر، زەبەر، پەش، جزم قاتارلىقلاردا بىرىنى يەنە بىرىنىڭ ئورنىدا ئوقۇۋېتىش، مثلاً : ﴿اِيَّاكَ﴾دىكى ‹كـــاف›نى زىرئوقۇش، ياكى ﴿اِهْدِنَا﴾دىكى ‹هـ›نىڭ ئالدىنى ‹اَهْدِنَا› دەپ زەبەر ئوقۇش، ياكى ﴿اَنْعَمْتَ﴾دىكى ‹ميم›نىڭ سكونىنى ‹اَنْعَمَـــتَ› دەپ حركتلىك ئوقۇش، ياكى مۇشۇلارغا ئوخشاش قىسمەن خطاءلىقلار

لَحْن جَلِى[1] دېيىلىدۇ، بۇحرام دۇر. (حقيقة التجويد) بعض جايىدا بۇنىڭ بىلەن معنى ئۆزگىرىپ[2] كەتسمۇ نماز بولىۋېرىدۇ، يەنە بىرى يۇقىرىقىدەك خطــــاءلىقلار كۆرۈلمىسىمۇ، لكىن حـــرفلەرنىڭ گۈزەللىكىگە دخل بېرىش (قاعدە[3]گە خلاف ئوقۇش)، مــثلاً: ‹ر›دا زەبەر ياكى پەش بولغان بولىسا، ئۇ توشقۇزۇپ قىلىن ئوقۇلاتتى ﴿اَلصِّرَاط﴾دىكى ‹ر›دەك (‹ر› قاعــدەسى سەككىزىنچى درستە كېلىدۇ)، لكىن ئۇنى ئىنچىكە ئوقۇپ قويۇش، بۇ لحــن خَفِــىّ دېيىلىدۇ. بۇ خطاءلىق ئالدىنقىنىڭ خطاءلىقىدىن يەڭگىل، يعــنى مكــروەدۇر (حقيقــة التجويــد). لكىن بۇنىڭدىنمۇ ساقلىنىش ضروردۇر.

---

[1] حاصل شۇكى، لحن جلــىگە تۆت صــورت بار: 1) بىر حــرفنى يەنە بىر حرفكــە ئالماشتۇرىۋېتىش. 2) حركتلەرنى سوزۇپ ئوقۇش. 3) مد حــرفلىرىنى چىقارماي ئوقۇش. 4) حركت وسكوندا خطاء قىلىش، بىرحرفنىڭ يەنە بىر حرفكە ئۆزگىرىپ كېتىشى بعضدە مخــرج ئۆزگىرىپ كېتىش بىلەن بولىدۇ، مثلاً: ‹حا›نىڭ ئورنىدا ‹ها› ياكى ‹خا› ئوقۇش، بعــضدە صِــفَات لاَزِمَە مُمَيِّزە ئۆزگىرىپ كېتىش بىلەن بولىدۇ، مثلاً: ‹ص›نىڭ‹س›غا ئۆزگىرىپ كەتكىنىدەك. لحــن جلىنىڭ ئىككىنچى و ئۈچىنچى صورتِنىڭ حاصلي بۇ بولىدىكى، ئاشۇرىۋېتىش و كەمەيتىۋېتىش ئىككىلىسى لحن جلىدۇر. بۇنىڭغا «قسمەن تشديدلىكنى تشديدسىز ئوقۇش (بۇ كەمەيتكەنلىكتۇر) ياكى قسمەن تشديدسىزلىكنى تشديدلىك ئوقۇش (بۇ ئاشۇرغانلىقتۇر)» كىرىدۇ.

[2] «معنى ئۆزگىرىپ» دېگەننى چوڭقۇر ئويلانغاندا چۈشەنگىلى بولىدۇكى، حرف ئۆزگىرىپ كېتىش بىلەن گەرچە گۇناھ بولىسمۇ، نماز بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. نمازنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى بولىسا، لحن جلــى سببلىك «قرآن كريم»نىڭ معنىسىدە بۇزۇقلۇق كۆرۈلگەندە ئاندىن نماز بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. مؤلــف حضرت بۇ يەردە فقە مسئلەلىرىدىكى نۇرغۇن سؤاللارنىڭ يېشىلىپ كېتىشىگە دائر بىر جامع سۆز يازدى.

[3] بۇ قاعدەلەردىن صفات عارضە مرادتۇر (بۇ كېيىن بيان قىلىنىدۇ).

# ئۈچىنچى درس

قرآن ئوقۇشنى باشلاشتىن ئىلگرى «اَعُوْذُ بِاللّٰهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ» دېيىش ضرور[1]دۇر. «بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ»دا تۆۋەندىكى تفصيل موجود: ئەگەر سورەدىن باشلىماقچى بولسا، «بِسْمِ اللّٰهِ» دېيىش ضرور، شۇنىڭدەك ئەگەر ئوقۇپ كېتىۋېتىپ ئوتتۇرىدىنلا يەنە سوره باشلىسا، «بِسْمِ اللّٰهِ»نى يەنە دېيىش ضرور[2]. لكن ئىككىنچى صورتده «سوره برائت» (سۈره تەۋبە)نىڭ بېشىدا «بِسْمِ اللّٰهِ» دېمەيدۇ.

و ئەگەر بىرەر سورەنىڭ ئوتتۇرىدىن ئوقۇماقچى بولسا، «بسم الله» دېيىش ياخشى، ضرور ئەمەس. لكن ‹اَعُوْذُ› مۇشۇ حالتدىمۇ ضروردۇر.

---

[1] بۇ ضرورلىك قارى كراملار ياكى «قرآن كريم» ئوقۇش ادب ـ قاعدەلىرىنى نظرده تۇتقاندا شۇنداق. امَّا شرعًا ئۇنداق ئەمەس، شرعًا مستحبدۇر.

[2] باشلاشقا ئائىت ئۈچ صورت بار: ‹1› تلاوت باشلاش و سوره باشلاش، ‹2› تلاوت باشلاش سوره ئوتتۇرىسىدا، ‹3› سوره باشلاش تلاوت ئوتتۇرىسىدا.

ئۈچىلىسىنىڭ حكم شۇكى، اوّلقىسىده ‹اعوذ› و «بسم الله» ئىككىلىسى ضروردۇر، ئىككىنچىسىده ‹اعوذ› دېيىش ضرور، «بسم الله»دا اختيار بار، ئۈچىنچىسىده فقط «بسم الله» ئوقۇلىدۇ.

# توۆتىنچى درس مَخَارِجُ الْحُرُوْفِ

حرفلەر چىقىدىغان ئورۇنلار مَخْرَج دېيىلىدۇ، بۇ مخرجلەر ئون يەتتە:

1 ـ مخرج: جَوْف، يەنى ئېغىز بوشلۇقى. بۇنىڭدىن چىقىدىغان حرفلەر پەشلىك حرفنىڭ كەينىدىكى ساكنلىق ‹واو›، مىثلاً : ﴿اَلْمَغْضُوْبِ﴾. زىرلىك حرفنىڭ كەينىدىكى ساكنلىق ‹ياء›، مثلا: ﴿نَسْتَعِيْنُ﴾. زەبەرلىك حرفنىڭ كەينىدىكى ساكنلىق ‹الف›، مثلاً : ﴿صِرَاط﴾.

كۆپ ساندىكى كىشلەر ﴿اَلْحَمْدُ﴾غا ئوخشاشلارنىڭ بېشىدىكى همزە[1]نى ياكى بَأْسٌنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى همزەنىمۇ الف دەپ سالىدۇ، بۇنداقلارنى همزە دەپ ئاتاش توغرا، پۈتۈن كىتابلاردا مۇنداق الفلەر همزەلا دېيىلىدۇ، ئوبدان فرق ئېتىۋېلىڭ.

---

[1] حاصل شۇكى، اَاِاُ حركتلىك، شۇنىڭدەك بَأْ بِئْ بُؤْ ساكن، بۇ ئىككىلىسى همزەدۇر. گەرچە يېزىقتا واو، الف، ياء شكلدە بولسىمۇ، لكن مخرجلەردە ئەمەس، بەلكى حرفنىڭ ئاۋازىدا. فرق بۇ بولدىكى، همزە ساكن بولسۇن، مەيلى حركتلىك بولسۇن كەمەيتىش بىلەن ئورۇندىلىدۇ. الف دواملىق يۇمشاقلىق بىلەن ئورۇندىلىپ، هەمىشە ئالدى طرف فتحەلىك، ئۆزى ساكن بولۇپ كېلىدۇ: با تا ثا جا حا خا قاتارلىقلارنىڭ ئاخىرىدىكى الفغا ئوخشاش. يېزىقتىمۇ فرق ئەتكىلى بولىدۇ: الفقا سكون قويغىلى بولمايدۇ، ئەگەر همزە ساكن بولسا، ئۇنىڭغا سكون، ئەگەر حركتلىك بولسا، ئۇنىڭغا زەبەر، زىر، پەش قاتارلىقلار يازغىلى بولىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ‹الف، واو،، ياء› حُرُوف مد و حروف هَوَائِيَّهمۇ دېيىلىدۇ. مۇنداق ئاتىلىشى بىرىنچىسىدە بعضىدە مـــدمۇ بولىدۇ. ئۇن بىرىنچى درستە بۇنىڭ پۈتۈن احوالى معلـــوم بولىدۇ. ئىككىنچىسىدە بۇ حرفلەر ئېغىز بوشلۇقىدا تمام بولىدۇ.

زەبەرلىك حـــرفىنىڭ كەينىدىكى ساكنلىق ‹واو› واو لـــين دېيىلىدۇ، مثلاً: ﴿مِنْ خَوْفٍ﴾. زەبەرلىك حـــرفىنىڭ كەينىدىكى ساكنلىق ‹ ياء › ياء لين دېيىلىدۇ، مثلا: ﴿وَالصَّيْفِ﴾.

دېمەك، ‹واو لين› و ‹واو مُتحرّك› نىڭ مخـــرجِ كېيىنكى ئون ئالتىنچى مخرجنىڭ بيانيدا كېلىدۇ، ‹ياء لِيْن› و ‹ياء مُتحـــرّك› نىڭ مخرجِ يەتتىنچى مخرج نىڭ[1] بيانىدا كېلىدۇ.

2 ـ مخرج: اَقْصٰى حَلْق، يعـــنى كانايىنىڭ سىينە طـــرفىتىكى قسمى. بۇنىڭدىن چىقىدىغان حرف ‹همزه› بىلەن ‹ه›دۇر.

3 ـ مخرج: وَسَط حَلْق، يعنى كانايىنىڭ ئوتتۇرا قسمى. بۇنىڭدىن چىقىدىغان حرف ‹ع› بىلەن ‹ح›.

[1] ‹ واو › و‹ياء›نىڭ ئۈچتىن حالتى بولىدى: بىرى حركتلىك وَوُ، ىَىِىُ. ‹لين› ، يعـــنى ساكن ماقبلسى مفتوح اَوْ بَوْ تَوْ ثَوْ يَوْ و باشقىلار، يەنە اَىْ بَىْ تَىْ ثَىْ غًىْ و باشقىلار. ‹واو مد› ، يعنى واو ساكن ماقبلسى مضموم اُوْ بُوْ تُوْ ثُوْ و باشقىلار. و ياء ساكن ماقبلسى مكسور اِىْ بِـــىْ تِىْ ثِىْ جِىْ وباشقىلار. ‹واو› و‹ياء› لارغا ئۈچتىن حالت بولىدى. امَّا هەر بىرىنىڭ مخرجِ ئىككىدىن بولىدۇ. مد بولغان چاغدا مخرج جَوْف، يعنى ئېغىز بوشلۇقى دەپ ئۇقتۇرۇلغان. حركـــتلىك ‹واو لين› بولغان چاغدا ئىككىسى ئۈچۈن ئايرىم ـ ئايرىم مخرج بار بولۇپ، بۇ كېيىن كېلىدۇ.

4 - مخرج: اَدْنیٰ حلق، يعنى كانايىنىڭ ئېغىز طــرفكه يېقىن قسمى بولۇپ، بۇنىڭدىن چىقىدىغان حرف ‹غ› بىلەن ‹خ›.

بۇ ئالته حرف حُرُوْف حَلْقِى دەپ ئاتىلىدۇ.

5 - مخرج: لَهَــات[1]، يعــنى كىچىك تىلغا تۇتاش تىل تۈۋى بولۇپ، بۇنىڭ ئۈستى بىلەن يۇقىرىقى تاڭغاقتىن چىقىدىغان حرف ‹ق›دۇر.

6 - مخرج: ‹ك›نىڭ مخرجِ بولۇپ، بۇ ‹ق› مخرجــىنىڭ سەل تۆۋىنىدىن چىقىدۇ.

بۇ ئىككى حرف لَهَاتِيَّه دەپ ئاتىلىدۇ.

7 - مخرج: ‹ج، ش، ي› (مدّ بولمىغان ي)نىڭ مخرجى بولۇپ، بۇ ئۈچ حــرفنىڭ مخرجــى تىلنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن ئۈستى طــرفتۇر. چىقىشتا ئالدى بىلەن ‹ج›، ئاندىن ‹ش›، ئاندىن مدسىز ‹ي› چىقىدۇ.

بۇ حرفلەر حروف شَجْرِيَّه[2] دەپ ئاتىلىدۇ[3].

---

① لَهَات، لامنىڭ زەبەرى بىلەن، كىچىك تىل.

② شجر، يەنى شىننىڭ زەبەرى وجيمنىڭ سكون بىلەن ئوقۇش لازم. تىل ئوتتۇرىسى بىلەن تاڭغاقنىڭ ئارىلىقىدىكى بوشلۇق قسمى عرب تىلىدا شَجْر دەپ ئاتىلىدۇ.

③ لخروجها من شجر الفم بسكون الجيم وهو منفتح مابين اللحيين ـ حقيقة التجويد.

# تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرى



[مۇهىم فائدە] ئالدىمىزدا كېلىدىغان مخرجلەردە بعض چىشلارنىڭ اسمى عربچە كېلىدۇ. شۇڭا، ئالدى بىلەن شۇ چىشلارنىڭ معنىسىنى ئۇقتۇرىمەن، ئۇلارنى ياخشى يادلىۋالغايسىلەر.

بىلىش لازىمكى، ئوتتۇز ئىككى چىشتىن ئوتتۇرىدىكى تۆت چىشنى ‹ثَنَايَا› دېيىلىپ، ئۈستۈنكى ئىككىسىنى ‹ثنايا عُلْيَا› و ئاستىنقى ئىككىسىنى ‹ثنايا سُفْلىٰ› دېيىلىدۇ.

‹ثنايا›غا تۇتاش تۆت يان چىشلار ‹رَبَاعِيَات›[1] ياكى ‹قَوَاطِع› دېيىلىدۇ.

بۇ ‹رَبَاعِيَات›قا تۇتاشقان تۆت ئۇچلۇق چىش (مەگەن چىش، ئوغرى چىش) ‹اَنْيَاب› ياكى ‹كَوَاسِر› دېيىلىدۇ. بۇ ‹اَنْيَاب› ياكى ‹كَوَاسِر› نىڭ يېنىدىكى تۆت چىش ‹ضَوَاحِك› دېيىلىدۇ.

‹ضَوَاحِك›نىڭ يېنىدا يۇقىرىقىدىن باشقا ئون ئىككى چىش بار، يعنى ئۇچى ئۈستۈنكى ئوڭ طرفتە و ئۇچى ئۈستۈنكى سول طرفتە و ئۇچى ئاستىنقى ئوڭ طرفتە و ئۇچى ئاستىنقى سول طرفتە بولۇپ، بۇلار ‹طَوَاحِن› دېيىلىدۇ، ‹طَوَاحِن›نىڭ تۈگەنچىسىگە ئورۇنلاشقان ھەر طرفتىكى بىردىن چىش ‹ نَوَاجِذ › دېيىلىدۇ.

---

[1] رَبَاعِيَات: راءنىڭ زەبەرى بىلەن ئوقۇش لازىم، پەش بىلەن ئوقۇش صحيح ئەمەس.

مذكور ‹ضَوَاحِك› ، ‹ طَواحِن › و ‹نواجذ›لارنىڭ يىغىندىسى ‹اَضْرَاس ›[1] (ئېزىق چىش) دېيىلىدۇ.

8- مخرج: ‹ض›نىڭ مَخْرَج بولۇپ، بۇ حافَّه لىسان[2]، يەنى تىلنىڭ ئوڭ ياكى سول يېنىنى ‹اَضْراس عُلْيا›غا يەنى ئۈستۈنكى ئېزىق چىشنىڭ مىلىكىگە تەككۈزگەندە چىقىدۇ، سول طەرەفتىن چىقىرىش ئاساندۇر، ئىككىلى طەرەفتىن بىر نۆۋەتتىلا چىقىرىشمۇ صحيح. لېكىن بەك قىيىن.

بۇ حرف حَافِّيَه دەپ ئاتىلىدۇ.

---

[1] اَضْرَاس: همزەدە زەبەر، ضاد ساكىندۇر، ضِرْس (بكسر ضاد)نىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، ئېزىق چىش.

ئوتتۇز ئىككى چىشنىڭ ھەممىسىگە ئالتە خىل اسم بولىدى: ‹ثَنايا› ، ‹رَباعيات› ، ‹اَنياب›، ‹ضَوَاحِك› ، ‹طَوَاحِن› ، ‹نَوَاجِذ›.

[2] حافَّه لسان دەپ تىلنىڭ خاص ئوڭ ياكى سول يېنىنى دەيدۇ، تىلنىڭ ئۇچىنى طرف لسان دېيىلىدۇ، ‹ضاد› مخرجِنىڭ بۇ طرفِ لسانغا ھېچقانداق مناسبىتى بولمىسىمۇ، لېكىن عمليتتە تىل ئۇچىنى حافه لساننىڭ ئورنىدا تامغاق بىلەن ئېزىق چىشقا تەككۈزۈش ئاساندۇر. شۇڭا، عمومًا كىشىلەر ضادنى تىل ئۇچى بىلەن تامغاقتىنلا اداء قىلىپ سالىدۇ. عقلسىز حماقەتلەر بۇ ‹ضاد› حرفنى صحيح اداء قىلىشقا تىرىشماي، ئۇنى ھەرخىل خطاء تاۋۇشتا ئاڭلىتىدۇ، بعضيده ‹خالص دال› ئوقۇسا، بعضيده ‹دال مفخَّم› قىلىپ ئوقۇيدۇ، بعضيده ‹زاء› ئوقۇسا، بعضيده ‹ظاء› ئوقۇپ ئۆزىنى و ئۆز قومىنى ئالدايدۇ.

قەدىمقى كىتابلاردا يېزىلغانكى، بعضى رايوندىكىلەر ‹ضاد›نىڭ ئورنىدا ‹لام›مۇ ئوقۇيدىكەن،بعضيده ‹غين› بىلەن ‹دال›نى بىرلەشتۈرۈپ «ولاَغْدَالِيْن» دەپ ئوقۇيدىكەن. دېمەك، گۇمراھلىقنىڭ يولى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن حق يول بىرلا بولىدۇ. شۇڭا، انسان متعصّبلىكنى تاشلاپ مشق قىلغان ماھر قارىيدىن بۇ حرفنى ئوبدان مشق ئۆگىنىپ، ئۆز فهمى ياكى تحقيقىغا تايانماسلىق كېرەك.

بۇ حرفتە كۆپ ساندىكى كىشىلەر خطاء كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر مشق قىلغان ماھر قارىيدىن عملى مشق ئۆگىنىش ضرور. بۇ حرفنى ھەرگىز ‹دال› ياكى ‹دال›غا ئوخشاش ئوقۇماسلىق لازم، بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەرگە شۇنداق ئوقۇش عادت بولۇپ قالغان، بۇ پۈتۈنلەي خطاء.

شۇنىڭدەك خالص ‹ظاء› ئوقۇشمۇ خطاءدۇر. ئەگەر ‹ضاد›نى بۇنىڭ صحيح مخرجى بىلەن صحيح طرزدە تاۋۇشنى پەيدىن پەي يۇمشاقلىتىپ تمام صفتلىرىنى اعتبارغا ئېلىپ ئورۇندىسا، ئۇنىڭ تاۋۇشى ئاڭلىنىشتا ‹ظاء› تاۋۇشىغا ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ[①]، ‹دال›غا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. علم تجويد و علم قرائت كتابلىرىدا شۇنداق يېزىلدى.

9- مخرج: ‹لام›نىڭ بولۇپ، تىل ئۇچى ئازغىنە[②] يېنى بىلەن قوشۇپ ئېزىق چىشلارنىڭ بېرىسىدىكى چىشلارنىڭ تامغاق

---

[①] حافە لسان بىلەن ئېزىق چىش ‹ضاد›نىڭ مخرجدۇر، بۇ رخاوت، يعنى يۇمشاقلىق بىلەن ئورۇندىلىش لازم. دالغا ئوخشاش قاتتىقلىق بىلەن ئورۇندالمىغاي. ‹ضاد›: مشدّد ياكى ساكن بولغان حالتدە يۇمشاقلىق بىلەن ئورۇندىلىش ياكى قاتتىقلىق بىلەن ئورۇندىلىش، دېگەن سۆز ئېنىق معلوم بولىدۇ. يۇمشاق ئورۇنداش دېگەننى تونۇش شۇكى، ‹ضاد› ئۆز مخرجدىن چىققاندا تاۋۇش پەيدىن پەي يۇمشاق چىقىدۇ، مۇشۇ صحيحدۇر. قاتتىق ئورۇنداش دېگەن شۇكى، ئۇ ‹دال›غا ئوخشاش تاۋۇش بەند بولۇش، بۇ خطاءدۇر. لكن ‹ضاد›نى ‹ظاء›نىڭ مخرجدىن ھەرگىز ئورۇندىماسلىق لازم. ئۇنداق بولمىغاندا حرف ئالمىشىپ كېتىپ، لحن جلى بولۇپ قالىدۇ، خۇددى دال ئوقۇشمۇ لحن جلى بولغاندەك. بۇنىڭ ئارتۇقچە تفصيلاتى صفت استطالتنىڭ ئاستىدا كېلىدۇ.

[②] مۇشۇ اصطلاحدا اَدْنىٰ حافّە دەيمۇ ئاتىلىدۇ.

طـــرفتىكى مىلىكىگە خىيالى يېقىنلىشىش بىلەن چىقىدۇ، ئوڭ طرفتىن چىقارسۇن ياكى سول طرفتىن چىقارسۇن ئوخشاش، ئوڭ طـــرفتىن چىقىرىش ئاسان، ئىككىلى طـــرفتىن بىر نۆۋەتتىلا چىقىرىشمۇ صحيحدۇر.

10 - مخرج: ‹ن›نىڭ مخرج بولۇپ، بۇمۇ تىلنىڭ ئۈستى ئۇچى طرفتىكى ئىككى ئۆتتۇر چىشنىڭ مىلىكىگە يېقىنلىشىش بىلەن چىقىدۇ، بۇنىڭ ‹ضَواحك› بىلەن علاقەسى يوق.

11 - مخرج: ‹راء›نىڭ مخـــرج بولۇپ، بۇ تىل ئۇچىنىڭ ئارقا ئۈست طرفتىكى ئىككى ئۆتتۇر چىشنىڭ تۆپىدىن ئازغىنە تۆپە طرفكە يېقىنلىشىش بىلەن چىقىدۇ.

بۇ ئۈچ حرف، يعنى ‹لام›، ‹نون› و ‹راء›نى طرفيـــه و ذلقيـــه[1] دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

12 - مخرج: ‹طاء›، ‹دال› و ‹تاء›نىڭ مخـــرج بولۇپ، بۇ تىل ئۇچى ئۈستۈنكى ئىككى ئۆتتۇر چىشنىڭ يىرمىنىڭ ئۈست طرفلىرىگە يېقىنلاشسا، ترتيب بويىچە ئالدى بىلەن ‹طـاء›، ئاندىن ‹دال›، ئاندىن ‹تاء› چىقىدۇ.

---

[1] ذلق: بفتحتين، تىل ئۇچى. ذلق: لخروجها من ذلق اللسان (بفتحتين تىل ئۇچى) اى طرفه. حقيقة التجويد.

بۇ ئۈچ حرف نِطَعيه[①] دەپ ئاتىلىدۇ.

13 - مخرج: ‹ظاء›، ‹ذال› و‹ ثاء›لارنىڭ مخرج بولۇپ، بۇ تىل ئۇچى ئۈستۈنكى ئۆتتۇر چىشلارنىڭ ئۇچىغا يېقىنلاشسا، تىل ئۇچىنىڭ ئارقىسىدىن ئالدى بىلەن ‹ظاء›، ئاندىن ‹ذال›، ئاندىن ‹ثــاء› چىقىدۇ. تىل ئۇچى ئاساسەن تاشقىرىغا چىقىش بىلەن ئورۇندىلىدۇ.

بۇ ئۈچ حرف لثويه[②] دەپ ئاتىلىدۇ.

14 - مخرج: ‹صاد›، ‹زاء› و ‹سين›نىڭ مخرج بولۇپ، بۇ تىل ئۇچى بىلەن ثَنايا سُفلىنىڭ ئۇچى ثنايا عُلياغا ئازغىنە[③] تۇتۇشۇش بىلەن چىقىدۇ.

بۇ حرفلەر حروف صَفِيْر دەپ ئاتىلىدۇ.

15 - مخرج: ‹فاء›نىڭ مخــرج بولۇپ، بۇ تۆۋەندىكى لەۋنىڭ ئىچى بىلەن ثنايا عليانىڭ ئۇچلىرى يېقىنلىشىش بىلەن چىقىدۇ.

16 - مخرج: ئىككى لەۋ بولۇپ، بۇنىڭدىن ‹باء›، ‹ميم›، ‹مدّ›

---

① نطع: بكسر نون وفتح طاء: ما ظهر فى الفم من الغار الاعلى حيث موقع اللسان من الحنك وفيه اثار كالتحزير. نطع: لخروجها من نطع الغار من الحنك الاعلى اى سقفه. حقيقة التجويد ودرة الفريد.

② لِثَةٌ بكسر لام وفتح ثاء، چىش مىلىكلىرى.

③ ‹ثنايا عليا› بىلەن ‹ثنايا سفلى› نىڭ ئۇچلىرى بىر-بىرىگە تۇتۇشۇپ، بۇنىڭدىن صفير، يەنى گۇدۇك، ئىسقىرتىش پەيدا بولىدۇ.

ئەمەس، ‹واو›، يعنی ‹واو متحرّك› بىلەن ‹واو لین›[1] ئورۇندىلىدۇ.

مد بىلەن لین‌نىڭ معنى‌سى بىرىنچى مخرج‌نىڭ ئاستىدا بيـــان قىلىندى.

لکن بۇ ئۈچىدە بىر ئاز فرق بار: ‹بـــاء› ئىككى لەۋنىڭ نەم يېرىدىن چىقىدۇ. شۇڭا، بۇ بحری دەپ ئاتىلىدۇ.

‹میم› ئىككى لەۋنىڭ قۇرغاق يېرىدىن چىققاچقا، بۇ برّی دەپ ئاتىلىدۇ.

‹واو› ئىككى لەۋنى بىرلەشتۈرمەستىن[2] حاصل بولىدۇ.

‹فاء› بىلەن بۇ ئۈچ حرف شَفَوِيَّه دەپ ئاتىلىدۇ.

17 - مخرج خَيْشُوْم يعنی بۇرۇن تۆشۈكى بولۇپ، بۇنىڭدىن غُنَّه[3] چىقىدۇ.

غنه ئالدىمىزدىكى توققۇزىنچى و ئونىنچى درستىكى ‹نـــون› بىلەن ‹میم›نىڭ قاعدەلىرىدە ان شاء الله تَعَالىٰ بيان قىلىنىدۇ.

---

[1] ‹واو›غا ئۈچ حالت، ئىككى مخرج بولىدى: ‹اُوْ›نىڭ ‹واو›سى مدّ بولۇپ، بۇنىڭ مخرجـــى ئېغىز بوشلۇقىدۇر، ‹اَوْ›نىڭ واوسى لين. شۇنىڭدەك وَوِوُ ‹واو متحرك›دۇر. ‹واو لين› بىلەن ‹واو متحرك› ئىككىسىنىڭ مخرجى بۇ يەردە بيان قىلىندى.

[2] يادلۇېلىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مختصر عبارت بۇ: ‹واو لـــين› بىلەن ‹واو متحـــرك›نىڭ مخرجى انضمام شفتين و ‹باء› بىلەن ‹ميم› مخرج‌نىڭ اطباق شفتين دۇر.

[3] غنه دەپ دىماغدىن چىقىدىغان ئاۋازنى دەيدۇ، بۇ حرف ئەمەس، بەلكى نون بىلەن ميم دا حاصل بولىدىغان حالت‌نىڭ اسم‌دۇر.

# بەشىنچى درس صِفَاتُ الْحُرُوْفِ

حرفلەر ئورۇندىلىدىغان كيفيىتلەر صفت [1]دېيىلىدۇ، بۇ ئىككى قسم: بىرى ئەگەر شۇ صفت ئورۇندالمىسا، شۇ حرف ئۆزىنىڭ حرفلىكىنى ساقلاپ قالالمايدۇ [2]. مۇنداق صفتنى ذَاتِيَه، لاَزِمَه [3] و مُمَيِّزَه و مُقَوِّمَه دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىرى ئەگەر شۇ صفت ئورۇندالمىسا، شۇ حرف ئۆزىنىڭ حرفلىكىدە تۇرىۋېرىدۇ، لكن ئۇنىڭ گۈزەللىكى [4] تۈگەيدۇ، مۇنداق صفتنى مُحَسِّنَه، مزيِّنە، مُحليه وعارضيّه [5] دەپ ئاتىلىدۇ.

بىرىنچى قسمغا ئائىت صفتلەر ئون يەتتە بولۇپ، بۇلار تۆۋەندىكىچە:

---

[1] حرف مخرجدىن چىققاندا حرفنىڭ تاۋۇشىدا بىر خىل كيفيت ياكى بىرخىل حالت بولۇش لازم، شۇ صفت دېيىلىدۇ.

[2] صفة لازمه دەپ حرفته داۋاملىق تېپىلىدىغان صفت بولۇپ، ئەگەر شۇ صفت ئورۇندالمىغان تقديردە حرف ئۆزىنىڭ حرفلىكىنى ساقلاپ قالالمىغاننى ياكى ناقص ئورۇندالغاننى دەيدۇ.

[3] كۆپىنچە صفة لازمه دەپلا سۆزلىنىدۇ.

[4] صفة عارضه دېگەن ئىككىلەمچى صفت بولۇپ، ئەگەر شۇ صفت تېپىلمىغان تقديردىمۇ حرفنىڭ ئورنى ساقلىنىپ قېلىپ، امَّا ئۇنىڭ گۈزەللىكى تۈگىگەننى دەيدۇ.

[5] كۆپىنچە صفت عارضه دەپلا سۆزلىنىدۇ. وجه التسمية به ان هذه الصفات فى الحروف تكون لخصوص المحل دون محل آخر.

1) همس: قانداق حرفته بۇ صفت تېپىلىدىكەن، ئۇنى مَهْمُوْسَه دەپ ئاتىلىدۇ.

همس دەپ همس حرفلىرى ئورۇندالغاندا مخرجده نَفَسْ ئاجىزلىق بىلەن پەيدىن ـ پەي توسۇلۇپ، تاۋۇشتا بىر خىل پەسلىك حاصل بولغاننى دەيدۇ.

هَمْس حرفلىرى ئون بولۇپ، بۇلارنىڭ يىغىندىسى: «فَحَثَّــهُ شَخْصٌ سَكَتَ».

2) جَهْر: قانداق حرفته بۇ صفت تېپىلىدىكەن، ئۇ مَجْهُــوْرَه دەپ ئاتىلىدۇ. جهر دەپ جهر حرفلىرى ئورۇندالغاندا مخرجده نَفَس پەيدىن ـ پەي جانلىق توسۇلۇپ، تاۋۇشتا بىرخىل جانلىق كۆتۈرۈلۈش حاصل بولغاننى دەيدۇ.

مهموسه حرفلىرىدىن باشقىسى مجهورەگە كىرىدۇ.

جهر بىلەن همسدىن عبارت بۇ ئىككى صــفت بىر ـ بىرىگە ضد.

3) شدت: قانداق حرفته بۇ صفت تېپىلىدىكەن، ئۇنى شديده دەپ ئاتىلىدۇ.

شدت دەپ شدت حرفلرى ئورۇندالغاندا، ئۇلارنىڭ مخــرجدە تاۋۇش شدتلىك توسۇلۇپ، تاۋۇشتا بىر خىل قاتتىقلىق[1] حاصــل بولغاننى دەيدۇ. شــدت حــرفلرى سەككىز بولۇپ، بۇلارنىڭ يىغىندىسى: «اَجِدُكَ قَطَبْتَ».

4) رخوت[2]: قانداق حرفتە بۇ صــفت تېپىلىدىكەن، ئۇنى رخوە دەپ ئاتىلىدۇ.

رخوە دەپ رخوە حرفلرى ئورۇندالغاندا، ئۇلارنىڭ مخــرجدە تاۋۇش ضعيفلىق بىلەن پەيدىن-پەي[3] توختاپ، تاۋۇشتا بىرخىل يۇمشاقلىق حاصل بولغاننى دەيدۇ.

شديدە بىلەن متوسِّطە حرفلرىنىڭ باشقىسى رخوەگە كىرىدۇ.

متوسّطە تۆۋەندە بيان قىلىنىدۇ.

همس بىلەن جهردەك، شدت بىلەن رخوەمۇ بىر-بىرىگە ضد.

شديدە بىلەن رخــوە دېگەن ئىككى صــفتنىڭ ئارىلىقىدا متوسّطە دەپ بىر صفت بولۇپ، قانداق حــرفلەردە بۇ صــفت تېپىلىدىكەن، ئۇنى مُتَوَسِّطە و بَيْنِيَّە دەپ ئاتىلىدۇ.

---

① شدت: قاتتىق، ياڭراق دېگەن، معنىدە يعنى مخرجدە تاۋۇش شۇنداق بىر قاتتىق توسۇلۇپ، ئەگەر ساكن حالتدە حرفنىڭ تاۋۇشىنى پەيدىن-پەي تۆرغۇزۇش خالانغاندا ممكن بولمايدۇ، مثلاً : اَقْ.

② رخوە بكسر راء. يۇمشاقلىق ومنه قوله تَعَالىٰ ﴿تَجْرِىْ بِاَمْرِهِ رُخآءً﴾.

③ يۇمشاقلىقنى تونۇش شۇكى، سكون حالتدە رخوە حــرفنىڭ تاۋۇشىنى پەيدىن-پەي تورمۇزلىغىلى بولىدۇ، مثلاً: اَسْ.

متوسطه دەپ تاۋۇش شدتلكمۇ توسۇلماي، ضعيفلق بلەنمۇ توختماي[1] ئوتتۇراهال ئورۇندالغاننى دەيدۇ.

بۇ بەش حرف بولۇپ، يغندىسى: «لِنْ عُمَرُ».

بۇ متوسطەنى ئايرىم صفت سانالمايدۇ. چۈنكى بۇنڭدا برئاز شدتمۇ بار، برئاز رخوەمۇ بار.

ديمەك، بۇ مذكور ئككسدىن ئايرىلمىدى.

و بۇ مقامدا بىر گۇمانلق يەر بار، ئۇ تۆۋەندكچە: ‹تاء› بلەن ‹كاف› حرفنى مهموسەدىنمۇ حسابلاندى، ۋەهالەنكى بۇ ئككى حرفتە تاۋۇش توسۇلدۇ، شۇنڭ ئۈچۈن بۇ ئككى حرفنى شديده قاتارغا ئېلىنسا[2] بولاتتى؟

جواب: بۇ ئككى حرفتە همس ضعيف وشدت كۈچلۈكتۇر. شدت[3] كۈچلۈك بولغانلق سبب تاۋۇش توسۇلىسمۇ، لكن ئاز

---

[1] يعنى شديدەدەك قاتتىقمۇ بولماي، رخوەدەك يۇمشاقمۇ بولماي، بەلكى ئككسنىڭ ئارلقدىكى حالتدە بولغان. گويا شدةِ ناقصه ورخوه ناقصه تېپىلغاندەك بولدى.

[2] بۇ اعتراض: تاۋۇش بلەن نَفَس بىر-بىرگە لازم ملزوم دەپ فَرَض ئېتىلگەندە ئاقدۇ. ‹كاف› بلەن ‹تاء›دا شدت بولغانلقتىن تاۋۇش توسۇلسا، همس بولغانلقتىن نَفَس نېمە ئۈچۈن پەيدىن-پەي توختايدۇ؟ نفسمۇ توسۇلۇش لازم. يەنە بۇ ئككى حرف مجهوره قاتاردا سانلىپ، مهموسه قاتاردا سانالماسلق لازم، خۇددى ‹كاف› بلەن ‹تاء›دىن باشقا قالغان ئالتە حروف شديدەمۇ مجهورەلا بولغاندەك.

بۇ اعتراض ئوچۇقلاشتى.

[3] فى جهد المقل واما الشديد المهموس حرفان: الكاف والتاء فيشد صوتهما بالكلية بل نفسها ايضا، لان حقيقة الصوت هى النفس ثم ينفتح مخرجاهما ويجرى فيهما نفس كثير مع صوت ضعيف

مقداردا ھمس بولغانلىق ئۈچۈن كېيىن ① نَفَس مۇ ئاز مقداردا پەيدىن - پەي توسۇلىدۇ.

امّا بۇ نفس پەيدىن - پەي پەسلىگەندە تاۋۇش پەيدىن پەي پەسلەشتىن ساقلىنىش ② لازم. چۈنكى ناۋادا تاۋۇش پەيدىن - پەيلىشىپ كەتسە، ئۇچاغدا ‹كاف› بىلەن ‹تاء› شدىدە بولماستىن، بەلكى رخوە بولۇپ قالىدۇ، يەنە بىرى بۇنىڭدا ‹هاء›نىڭ تاۋۇشى پەيدا بولۇپ قېلىپ، ئېغىر خطاءلىق كۆرۈلىدۇ.

5) استعلاء: قانداق حرفتە بۇ صفت تېپىلىدىكەن، ئۇنى مُسْتَعْلِيَه دەپ ئاتىلىدۇ.

استعلاء دەپ استعلاء حرفلىرى ئورۇندالغاندا تىل تۈۋى دوامىلىق ئۈستۈندىكى تامغاق طرفكە كۆتۈرۈلگەننى دەيدۇ. شۇ

---

ليحصل الهمس وفيه الشدة فى اٰن والهمس فى زمان آخر ـ وزاد فى حقيقة التجويد فالهمس فى زمان بعد اٰنٍ ـ اه وفيهما وهذا باب يتحير فيه الالباب اه.

① ‹كاف› بىلەن ‹تاء›دا سكون وقتدە تاۋۇش توسۇلىدۇ، بۇ بۇنداق: ‹كاف›دا تىل تۈۋى يۇقىرىقى تامغاققا پۇختا تېگىدۇ، ‹تاء›دا تىل ئۇچى ‹ثناياعليا›نىڭ تۈۋىگە پۇختا تېگىدۇ. تاۋۇش توسۇلۇپ تىل تۈۋى ياكى تىل ئۇچى ئايرىلغاندا نَفَس مۇ ئۈزلىكىدىن پەيدىن - پەي توختايدۇ، دەل مۇشۇ ھمس دۇر، بۇ تحقيقى جواب. و مۇشۇ اعتراضنىڭ يەنە بىر منعى جوابى مۇنىڭدەك بولىدۇ: شدت بىلەن ھمس دېگەن ئىككى صفتتە ئۆزئارا تضادّ يوق: تاۋۇش ئاڭلىنىدۇ، نَفَس ئاڭلانمايدۇ. تاۋۇش توسۇلغاندا نَفَسنىڭ توسۇلۇشى لازم ئەمەس، مثلا: ئەگەر بىراۋ جىم تۇرسا، يعنى زۇۋان چىقارمىسا، ئۇنىڭ نفسى توسۇلۇش ضرورمۇ؟

② چۈنكى نفسدە تاۋۇش بولمايدۇ. ئەگەر بۇ نفس باشقىلارغىمۇ ئاڭلانسا، ئۇ چاغدا نفس ئۆزىنىڭ اصلى كيفيتدە بولماستىن، بەلكى تاۋۇش بولۇپ قالىدۇ. ئاندىن بۇ ھمسنى ئاڭلىتىشقا تىرىشقاننىڭ نېمە فائدەسى؟، مثلا: ﴿اِيـاَّكَ﴾ نى «اِيَّاكَهْ» و ﴿اَنْعَمْتَ﴾نى «اَنْعَمْتَهْ» دەپ ئوقۇغاندەك.

سببلىك بۇ حرفلەر قىلىن ئوقۇلىدۇ. بۇ يەتتە حرف بولۇپ، يىغندىسى: «خُصَّ ضَغْطٍ قِظْ».

6) اِسْتِفال: قانداق حرفلەردە بۇ صفت تىپىلىدىكەن، ئۇ مُسْتَفِلَه دەپ ئاتىلىدۇ، استفال دەپ استفال حرفلرى ئورۇندالغاندا تىل تۈۋى ئۈستۈندىكى تامغاق طرفكە كۆتۈرۈلمىگەننى دەيدۇ، شۇ سببلىك بۇحرفلەر ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ. مُسْتَعْلِيَه حرفلرىدىن باشقىسى مستفله حرفلرىگە كىرىدۇ. استعلاء واستفالدىن عبارت بۇ ئىككى صفتمۇ بىر ـ بىرىگە ضد.

7) اِطْبَاق: قانداق حرفلەردە بۇ صفت تىپىلىدىكەن، ئۇنى مُطْبَقَه دەپ ئاتىلىدۇ. اِطْبَاق دەپ اطباق حرفلرى ئورۇندالغاندا تىلنىڭ ئوتتۇرى ئۈستۈندىكى تامغاققا تىرەلگەننى[1] دەيدۇ.

بۇنىڭ حرفلرى تۆت: ‹ص، ض، ط، ظ›

8) انفتاح: قانداق حرفتە بۇ صفت تىپىلىدىكەن، ئۇنى مُنْفَتِحَه دەپ ئاتىلىدۇ. انفتاح دەپ انفتاح حرفلرى ئورۇندالغاندا تىلنىڭ ئوتتۇرى ئۈستۈندىكى تامغاقتىن ئايرىلىپ كەتكەننى دەيدۇ.

مطبقه حرفلرىدىن باشقىسى منفتحه حرفلرىگە كىرىدۇ. اطباق وانفتاحدىن عبارت بۇ ئىككى صفتمۇ بىر ـ بىرىگە ضد.

---

[1] لغتدە اطباق دەپ ئېتشۆەتكەننى دەيدۇ، يعنى حروف مطبقە ئورۇندىلىدىغاندا تىل ئۈستۈندىكى تامغاقنىڭ ئۆڭكۈرىنى ئېتشۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ حرفلەر مفخَّم (قېلىن) ئوقۇلىدۇ.

9) اِذْلاَق: قانداق حـــرف‌لەردە بۇ صـــفت تېپىلسىكەن، ئۇ مُذْلَقَه[1] دەپ ئاتىلىدۇ. اِذْلاَق دەپ اذلاق حرف‌لىرى لەۋ بىلەن تىل ئۇچىدىن قولايلىق بىلەن تېز ئورۇندالغاننى دەيدۇ.

بۇنىڭ حرف‌لىرى ئالتە بولۇپ، يىغىندىسى: «فَرَّ مِنْ لُبٍّ». يعنى بۇنىڭدا لەۋنىڭ قىرغىقىدا[2] ئورۇندىلىدىغان شَفَوِيَّه[3] حـــرف‌لىرى بولۇپ ھەم تىل ئۇچىدا ئورۇندىلىدىغان طرفيه حـــرف‌لىرىمۇ بار[4] (درة الفريدللشيخ الدهلوى). شفويەنىڭ معنىـــسى16 - مخــرجدە ئۆتتى.

10) اصمات[5]: قانداق حرف‌لەردە بۇ صفت تېپىلسىكەن، ئۇ مُصْمَتَه دەپ ئاتىلىدۇ. اصمات دەپ اصـــمات حـــرف‌لىرى ئۆز مخـــــــرجىدىن قاتتىقلىق بىلــەن ئورۇنـدىلىپ، ئاسـان و تېـز ئورۇندالمىغاننى دەيدۇ.

مذلقە حرف‌لىرىدىن باشقىسى مصمتە[6] حرف‌لىرىگە كىرىدۇ.

---

[1] والذلق فى اللغة الطرف.

[2] مشقت‌سىز راۋان ئورۇنداش ضرور.

[3] يعنى ‹فاء›، ‹ميم›، ‹باء›.

[4] يعنى ‹لام›، ‹نون›، ‹راء›. اهل اللسان حروف مذلقەنىڭ ئالتە حرفنى ئورۇنداشتا ئاسان، يعنى تىل و لەۋگە سهل الاداء واخفُّ الحروف دەپ قرارقىلدى (نهاية القول المفيد).

[5] فى حقيقة التجويد. الاصمات لغة المنع مطلقًا واصطلاحًا امتناع الكلمة الرباعية والخماسية من غير حرف من المذلقة فالعسجد عجمى اسم للذهب وليس بعربى.

[6] اصمات‌دىن بصيغة اسم مفعول.

اذلاق واصماتدىن عبارت بۇ ئىككى صــفتمۇ بىر ـ بىرىگە ضددۇر.

مذكور ئون صِفات صفات متضادَّە دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ھەر بىرى ئۇلاردىن بىر ـ بىرىگە ضــد. خۇددى يۇقىرىدا بيــان قىلىنغاندەك.

تۆۋەندە كېلىۋاتقان صفتلەرنى صــفات غــير متــضادە دەپ ئاتىلىدۇ.

بىلىش لازىمكى، صفات متــضادەنى ئۆزىگە ئالغان ھەرقانداق حرفتە ئازمقداردا بولىسمۇ بىر ـ بىرىگە ضدلىق تېپىلماي قالمايدۇ وصفات غير متضادە بعــض حرفتــە تېپىلىپ، بعــض حرفتــە تېپىلمايدۇ.

صفات غير متضادە تۆۋەندىكىچە:

11) صفير: قانداق حــرفلەردە بۇ صــفت تېپىلىدىكەن، ئۇ صفيردەپ ئاتىلىدۇ.

صفير دەپ صفير حرفلىرى ئورۇندالغاندا ئىسقىرتقانغا ئوخشاش تېزلا[1] بىر ئاۋاز چىققاننى دەيدۇ. بۇنىڭ حرفلىرى ئۈچ: ‹ص، ز، س›.

12) قلقلە: قانداق حرفلەردە بۇ صفت تېپىلىدىكەن، ئۇ قَلْقَلَە دەپ ئاتىلىدۇ.

قلقلە دەپ قلقلە حرفلىرى سكون حالتدە ئورۇندالغاندا مخرجدە بىر خىل تىترەش حاصل بولغاننى دەيدۇ. بۇنىڭ حرفلىرى بەش بولۇپ، يىغىندىسى: «قُطْبُ جَدٍّ».

13) لين: قانداق حرفتە بۇ صفت تېپىلىدىكەن، ئۇنى حروف لين دەپ ئاتىلىدۇ. حروف لين دەپ لين حرفلىرى مخرجدە تىلغا ئېغىر كەلمەي يۇمشاقلىق بىلەن ئورۇندىلىپ، ئەگەر بىرسى ئۇنى سوزۇشنى خالىسا، بىمالال سوزالايدىغاننى[2] دەيدۇ.

---

[1] تىل ئۇچى بىلەن تۆتىلى ‹ثنايا› بىر-بىرىگە تۇتۇشۇش بىلەن صفير حرفلىرى چىقىدۇ. بۇ ئۈچ حرفنىڭ طبيعى مخرج مۇنداق: ئاۋاز مخرجدە چەكلىنىپ، دۇدۇكنىڭ ئاۋازىغىلا ئوخشاپ قالىدۇ.

[2] يعنى حروف مدنىڭ تاۋۇشى ئېغىز بوشلۇقىدىن چىقىپ، بۇلاردا تاۋۇشنىڭ سوزۇلۇشى و يۇمشاقلىق درجەسى بىر پۈتۈن كەڭ بولسىمۇ، لكن يەنىلا حروف لين‌نىڭ مخرجى متعين ومحقق بولۇپ، بۇنىڭدا تاۋۇشنىڭ سوزۇلۇشى و يۇمشاقلىقىغا ئائىت سؤال پەيدا بولمايتتى. ۋەھالەنكى، مدّ فرعى‌دە مدنىڭ بعضى صورتلىرىدە محلّ مدّ حرف لين بولىدىغانلىقى، ئۇنى سوزسا سوزغىلى بولىدىغانلىقى معلوم بولىدۇ. بۇ اشكالنى تۈگىتىش ئۈچۈن تجويد علماءلىرى حروف لين‌دا شۇنداق بىر يۇمشاقلىقنىڭ بارلىقىغا تسليم بولۇپ، ئۇنى سوزسا سوزغىلى بولىدىغانلىقىغا قايىل بولۇشتى. مؤلف حضرت بۇ مسئلەگە مۇنداق اشارە قىلدى: «ئەگەر بىرسى سوزۇشنى خالىسا بىمالال سوزالايدۇ».

بۇنىڭ حرف‌لىرى ئىككى: زەبەرلىك حرف‌نىڭ كەيىندە كەلگەن ساكىنلىق ‹واو› بىلەن ساكىنلىق ‹ياء›، مثلاً: ﴿خَوْف﴾، ﴿صَيْف﴾.

14) انحراف: قانداق حرفتە بۇ صفت تېپىلسىكەن، ئۇنى منحرفە دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىككى حرف: ‹لام، راء›.

انحراف دەپ بۇنىڭ حرف‌لىرى ئورۇندالغاندا ‹لام›دا تىلنىڭ ئۇچى طرفيدە وراءدا ئازغىنە تىلنىڭ دۈمبە طرفيدە چەتلەش[1] تېپىلغانىنى دەيدۇ (درة الفريد).

15) تكرير: بۇ صفت خاص ‹راء›دا تېپىلىدۇ. چۈنكى ‹راء› ئورۇندالغاندا تىلدا بىر خىل تىترەش پەيدا بولغاچقا، تاۋۇش تكرارلانغانغا ئوخشاپ قالىدۇ[2].

بۇنىڭدىن ‹راء›دا تكرار اظهارقىلىنغاي دېگەن معنى مراد ئەمەس، گەرچە ‹راء›دا تشديد بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن قطعى

---

[1] ‹لام› و ‹راء›دىكى انحراف دېگەن صفت‌نىڭ معنىسى بۇ بولىدىكى، بۇ ئىككىسى ئۆز مخرجيدىن هالقىپ باشقا بىر حرف‌نىڭ مخرجىگە مايىللىقى تېپىلىپ قالىدۇ، شۇنداقلا ‹لام›دا ادنىٰحافەدىن باشلىنىپ، ئاندىن طرف لسان، يعنى ‹راء›نىڭ مخرج طرفِگە چەتلىگەنلىكى تېپىلىدۇ. ‹راء›دا طرف لساندىن باشلىنىپ، ئاندىن ظهر لسان و ئازغىنە ‹لام› طرفِگە چەتلىگەنلىكى تۇيۇلىدۇ. شۇڭا تىلى ئېغىر بالا ‹راء›نى ‹لام› سۆزلەپ قويىدۇ، شۇ سببلىك بۇ انحراف‌نىڭ وجەدىن ‹راء› ‹لام›غا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ (نهاية القول52 ــ ص).

[2] صفة تكريرنىڭ تعريفى بۇ: «حرف‌نى تلفُّظ قىلغاندا تىلدا تىترەش پەيدا بولۇش» و بۇ صفت فقط ‹راء›دا تېپىلىدۇ. امّا بۇ صفت‌نى ‹راء› تكرار تاپمىغان ئاساستا نازۇكلۇق بىلەن ئورۇنداش لازم.

ساقلىنىش لازىم. چۈنكى تشديدلىك ئوقۇلغان ‹راء›مۇ بىرلا حرفدۇر، بىر قانچە حرف ئەمەس (درة الفريد ملخَّصًا).

16) تَفَشِّي: بۇ خاص «شين»دىكى صفت.

تَفَشِّي دەپ ‹شين› ئورۇندالغاندا، تاۋۇش ئېغىز ئىچىگە تاراپ، تولۇپ چىققاننى دەيدۇ.

17) استطالت: بۇ خاص ‹ضاد›نىڭ صفتى.

استطالت دەپ ‹ضاد› ئورۇندالغاندا، تىل يېنىنىڭ بېشىدىن تىل يېنىنىڭ ئاخىرىغىچە مخرجدە تاۋۇشنى توشقۇزۇپ ئۇزۇنراق سوزغاننى دەيدۇ (جهد المقل).

[مۇھىم فائدە] مخارج الحروف وصفات لازمەدە نقصان كۆرۈلگەندە خطاء بولغان بولىدۇ. تجويد فنىنىڭ اصلى مقصدى مۇنداق خطاءلىقلاردىن ساقلىنىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مخرج وصفتلەر ھەممە قاعدەدىن ئىلگىرى بيان قىلىندى.

ئەمدى تۆۋەندە اصلى مقصددىن تاشقىرى بولغان صفات محسّنه[1] گەئائىت قاعدەلەر كېلىدۇ. صفات محسّنه مقصددىن تاشقىرى بىر احوال بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا رعايە قىلغاندا اصلى

---

[1] محسّنه، يعنى حرفلەرنى گۈزەللەشتۈرىدىغان صفتلەر. بۇ صفتلەرنى كۆپىنچە صفات عارضه دەپ سۆزلىنىدۇ. بۇ صفتلەر بۇ حرفتە دواملىق بولمايدۇ، بەلكى بعضيدە بولسا، بعضيدە بولمايدۇ. ئەگەر بۇ ئورۇندالمىسا، بۇ حرفلەرنىڭ ذاتى وحقيقتى يوقالماستىن، بەلكى گۈزەللىكتىلا فرق كۆرۈلىدۇ.

مقصدگه ئالاهىدە حُسْن قوشۇلۇپ، بۇنىڭ بىلەن كۆپ ـ ئاھاڭلار كۆركەم و يېقىملىق تۈيۈلىدۇ، كىشىلەر كۆپ ـ ئاھاڭلارغا بەك قىزىقىدۇ.

و مخرج وصفات لازمەنىڭ كۆپ ـ ئاھاڭلارغا ھېچقانداق علاقسى بولمغاچقا، بۇنىڭ طرفِگە توجُّه كەم بولىدۇ. شۇڭا صفات محسنەگىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش لازم.

## ئالتىنچى درس

بىلىش لازمكى، بۇ صفتلەر ھەممە حرفلەردە بولماي، فقط سەككىزلا[1] حرفتە بولۇپ، بۇ حرفلەردە ھەرخىل حالتدە ھەرخىل صفتكە رعايە قىلىنىدۇ.

ئۇ حرفلەر بۇ: ‹ل›، ‹ر›، تشديدلىك ‹م›، ساكنلىق و تشديدلىك ‹ن›. (ساكنلىق ‹نون›غا تنوينمۇ داخلدۇر. چۈنكى، تنوين يېزىقتا گەرچە ‹ن› بولمىسىمۇ، لكن ئوقۇشتا ‹ن›دۇر. خۇددى

[1] لكىن بۇنىڭ معنىسى تجويد فنىدە سەككىز حرفتىلا صفات عارضە بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. شۇنداقلا تجويد فن كتابلىرىدا ادغام صغير وادغام كبيرمۇ صفة عارضەدۇر. بۇ صفتلەر بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن حرفتە تېپىلىدۇ.

بۇ كتابدا سەككىزدىلا چەكلەپ قويۇشى، بۇ ابتدائى طلبە ئۈچۈن ئىخچام ئۇقۇم. مۇنداقلارغا حاضرچە مۇشۇ سەككىز حرفدىكى عارضى صفتنى بىلدۈرۈش مۇھىم. بۇنىڭ يىغىندىسى: «اَوْيَرْمَلاَنِ».

‹ب›نى قوش زەبەر ئوقۇسا، ‹بَــــنْ›[1] ئوقۇلغاندەك). زەبەرلىك حـــرفنىڭ كەينىدە كەلگەن ‹الـــف›، پەشلىك ياكى زەبەرلىك حرفنىڭ كەينىدە كەلگەن ساكنلىق ‹واو›، زىرلىك ياكى زەبەرلىك حرفنىڭ كەينىدە كەلگەن ساكنلىق ‹ياء›، ‹همزە (ء)›. تۆۋەندە بۇ سەككىز حرفنىڭ قاعدەلىرى ئايرىم ـ ئايرىم بيان قىلىنىدۇ.

## يەتتىنچى درس ‹لام›نىڭ قاعدەلىرى ھەققىدە

الله دېگەن لفظنىڭ ‹لام›ىدىن ئىلگىرى زەبەرلىك ياكى پەشلىك حرف بولسا، بۇ ‹لام›نى توشقۇزۇپ قېلىن ئوقۇلىدۇ، مـــثلاً: ﴿أَرَادَ اللهُ﴾، ﴿رَفَعَهُ اللهُ﴾.

[1] نون ساكنە بىلەن تنويندە مۇنداق فرق بار: 1) نون ساكنە وقف، وصل ئىككىلى حالتدە ئوقۇلىدۇ وتنويننىڭ نونى وصلدىلا ئوقۇلىدۇ، وقفدە ئوقۇلمايدۇ. 2) نون ساكنەدە علامت بولىدۇ، (پەقەت بۇ ئىككى ئەھۋالدا ئۇنداق ئەمەس: ﴿وَلَيَكُونًا﴾ و ﴿لَنَسْفَعًا﴾ («يوســـف» و «علـــق»). تنويننىڭ ‹نون›دا علامت يوق (**پەقەت** ﴿كَأَيِّنْ﴾دە ئۇنداق ئەمەس). (3) نون ساكنە كلمـــەنىڭ ئوتتۇرى و ئاخىرىدا كېلەلەيدۇ. تنوين دواملىق كلمـــەنىڭ ئاخىرىدا بولىدۇ. (4) نـــون ســـاكنە كلمەنىڭ ئۈچىلى قسمى (اسم، فعل، حرف)دا بولىدۇ. تنويننىڭ نونى دواملىق اسمنىڭ ئاخىرىدا بولىدۇ.

بۇ توشقۇزغانلىق[1] تفخيم دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر ‹لام›دىن ئىلگىرى زىرلىك حرف بولسا، ‹لام› ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ. مثلا: «بِسْمِ اللّٰهِ». بۇ ئىنچىكە ئوقۇغاننى تَرْقِيْق دەپ ئاتايدۇ. ‹اللّٰه› دېگەن لفظدىكى ‹لام›دىن باشقا ‹لام›لار ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ، مثلا: ﴿مَاوَلّٰهُمْ﴾، ﴿كُلَّهُ﴾.

[دىققەت] ‹اَللّٰهُمَّ›دىمۇ لفظ ‹اللّٰه›دىكى قاعدە جارى بولىدۇ. چۈنكى، بۇنىڭ ئەۋلىدىمۇ مۇشۇ ‹اللّٰه›[2] دېگەن لفظ بار.

## سەككىزىنچى درس ‹راء›نىڭ قاعدەلىرى ھەققىدە

1- قاعدە: ئەگەر ‹راء› زەبەرلىك ياكى پەشلىك بولسا، قېلىن ئوقۇلىدۇ، مثلاً: ﴿رَبُّكَ﴾، ﴿رُبَمَا﴾، ئەگەر ‹راء› زىرلىك[3] بولسا، ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ، مثلاً: «رِجَال».

---

[1] تفخيمنىڭ معنى‌سى توشقۇزۇپ قېلىن ئوقۇش، دېگەن بولىدى. ئۇنداق بولغاندا حروف مستعليه وحروف مطبقەدە لەۋنى يۇملاق قىلىشتىن ساقلاش لازم، شۇنىڭدەك لام مفخّمدە لەۋنى يۇملاق قىلماسلىق لازم. لفظ ‹اللّٰه›دا تفخيم تېخىمۇ كامل بولغاي.

[2] دېمەك، «سُبْحَانَكَ اللّٰهُمَّ»، ﴿وقَالُوا اللّٰهُمَّ﴾دە ‹لام› توشقۇزۇپ قېلىن ئوقۇلىدۇ. ﴿وَقُلِ اللّٰهُمَّ مَالِكَ الْمُلْكِ﴾دا ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ.

[3] ‹راء مكسوره› بالاتفاق ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ:

مەيلى ئۇ كسره لازمه بولسۇن «رِجَال»دەك. ياكى عارضه بولسۇن ﴿وَاَنْذِرِ الَّذِيْنَ﴾دەك. كسره كامله بولسۇن، ئۈتكەن ئىككى مثالدەك. ياكى كسره ناقصه بولسۇن ﴿وَالْفَجْرِ﴾دە وقف بالرَوْمِ قىلىنغاندەك. ياكى ﴿مَجْرِيهَا﴾دىكى ‹راء مُمَالَه›دەك. ئوتتۇرىدا بولسۇن خۇددى ﴿تُحَرِّمُ﴾دەك. ياكى

[دىققەت] تشديدلىك ‹راء›مۇ بىر ‹راء›دۇر. دېمەك، تشديدلىك ‹راء›نىڭ حركتىنىڭ ئۆزىلا اعتبارغا ئېلىنسا، ئۇ قېلىن ياكى ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ، خۇددى ﴿سِرًّا﴾نىڭ ‹راء›سى قېلىن، ﴿دُرِّيٌّ﴾نىڭ ‹راء›سى ئىنچىكە ئوقۇلغاندەك. بۇنى تۆۋەندىكى قاعدەگە مناسىۋ بار دېگىلى بولمايدۇ. بعض جاهللار بۇنى ئىككى ‹راء› دەپ چۈشىنىپ، ئالدىنقىسى ساكن و ئىككىنچىسى متحرك دەيدۇ، بۇ خطاء.

2 ـ قاعدە: ئەگەر ‹راء›[①] ساكنلىق بولسا، ئالدىدىكى حرفنىڭ حركتىگە قارايمىز، ئالدىدىكى حرفنىڭ حركتى زەبەر ياكى پەش بولسا، ‹راء› قېلىن ئوقۇلىدۇ، مىثلاً: ﴿بَرْقٌ﴾، ﴿يُرْزَقُوْنَ﴾ و ئالدىدىكى حرفنىڭ حركتى ئەگەر زىر[②] بولسا، ‹راء› ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ، مىثلاً: ﴿اَنْذِرْهُمْ﴾. لكن ‹راء›نى مۇنداق ئىنچىكە

---

ئاخىرىدا بولسۇن ﴿وَالْقَمَرِ﴾دەك (وصل حالتدە)، مُنَوَّنَه بولسۇن ﴿مُقْتَدِرٍ﴾دەك. ياكى غير منوَّنە بولسۇن ئۆتكەن مثالدەك، ما قبلسى ساكن بولسۇن، مثلاً، ﴿اَلدَّارِ﴾دەك، ياكى متحرك بولسۇن ﴿اَرِنَا﴾دەك. عمومًا ‹راء مكسورە› حرف مستعليەگە يۇلۇققاندا، مثلا، ﴿اَلرِّقَابِ﴾ ياكى حرف مستفلەگە يۇلۇققاندا، مثلا، ﴿رِزْقًا﴾دەك ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ. مشدَّد بولسۇن ياكى مخفَّف بولسۇن خۇددى ئۆتكەن مثاللاردەك (نهاية القول المفيد صفحه 90).

① مەيلى ‹راء›نىڭ سكون اصلى بولسۇن ﴿وَانْحَرْ﴾ دېگەندەك، ياكى عارضى بولسۇن ﴿وَدُسُرٍ﴾، ﴿نَهَرٍ﴾ دېگەندەك، بۇ مثالدا سكون بىلەن وقف قىلغاندا، گەرچە سكون عارضى بولسىمۇ ‹راء› يەنىلا قېلىن ئوقۇلىدۇ.

② ماقبلسى مكسور بولغان ‹راء ساكن› سكون اصلى بولسۇن ﴿فَانْتَصِرْ﴾ دېگەندەك ياكى عارضى بولسۇن ﴿حَتّىٰ زُرْتُمُ الْمَقَابِرَ﴾ دېگەندەك، بۇ وقف قىلغاندا ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ.

ئوقۇشنىڭ ئۈچ شرطی بار: بىرىنچى شرطى، بۇ كسره اصلى بولسۇن، عارضى بولمسۇن. چۈنكى ئەگەر عارضى بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا ‹راء› ئىنچكە ئوقۇلمايدۇ، مثلاً: ﴿اِرْجِعُوْا﴾. قاراڭلار! ‹راء› ساكن و ئۇنىڭ ئالدىدىكى حرف، يعنى ‹همزه› زىر بولسمۇ، لكن بۇ زىر[1] عارضى[2] دۇر. شۇڭا بۇ ‹راء› قېلىن[3] ئوقۇلىدۇ.

امَّا عربىنى چۈشەنمەيدىغان ادم كسره (زىر) قانداق يەردە اصلى و قانداق يەردە عارضى بولىدىغانلىقىنى تونۇمايدۇ، بۇنى بىلىش ئۈچۈن وقتى كەلگەندە عربىنى بىلىدىغانلاردىن سوراپ بۇ قاعدەگە عمل قىلغاي.

ئىككىنچى شرط: بۇ كسره بىلەن ‹راء› ئىككىلىسى بىر كلمەدە بولسۇن. ئەگەر ئىككى كلمەدە[4] بولسا، يەنىمۇ ‹راء› ئىنچكە ئوقۇلمايدۇ، مثلاً: ﴿رَبِّ ارْجِعُوْنِ﴾[5]، ﴿اَمِ[6] ارْتَابُوْا[7]﴾ (درة

---

① لدفع تعذر الا بتداء بالسكون.

② چۈنكى ﴿اِرْجِعُوْا﴾دىكى همزه وصلىدۇر، همزه وصليەنىڭ اصل ذاتِى عارضى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭ حركتمۇ عارضى بولدى.

③ لان الاصل فى الراء التفخيم كما ان الاصل فى اللام الترقيق.

④ كسره منفصله دېيىلىدۇ.

⑤ ﴿رَبِّ ارْجِعُوْنِ﴾ و ﴿اَلَّذِى ارْتَضٰى﴾دىكى كسره گەرچە اصلى بولسمۇ، لكن مُنْفَصِل بولغانلىقتىن «راء» قېلىن ئوقۇلىدۇ.

⑥ وكسرة الميم عارض ايضًا لاجتماع الساكنين فيفخم هذه الراء لفقد الشرطين هذا والاول.

⑦ ﴿اَمِ ارْتَابُوْا﴾ اصليده ﴿اَمْ اِرْتَابُوْا﴾دۇر. ساكنلىق ‹راء›نىڭ ما قبلسىدىكى كسره منفصل هەم عارضىدۇر.

الفريد). بۇ ئىككىنچى شرطنى تونۇش بىرىنچى شرطكە نىسبەتەن ئاسان. چۈنكى كلمەلەرنىڭ بىر ياكى ئىككى ئىكەنلىكىنى كۆپ ساندىكى كىشىلەر بىر قاراپلا تونۇۋالىدۇ.

ئۈچىنچى شرط: مذكور ‹راء›دىن كېيىن شۇكلمەنىڭ ئۆزىدە استعلاء حرفلىرىدىن بىرەرسى بولماسلىق لازم. ئەگەر بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا ‹راء› يەنىلا قېلىن ئوقۇلىدۇ، مثلاً: ﴿قِرْطَاسٍ﴾، ﴿اِرْصَادًا﴾، ﴿لَبِالْمِرْصَادِ﴾، ﴿فِرْقَةٍ﴾ دېگەن مثاللاردا ‹راء› قېلىن ئوقۇلىدۇ. «قرآن كريم»نىڭ تمام يېرىدە بۇ قاعدەگە خاص مۇشۇ تۆت[1] لفظلا تېپىلىدۇ.

[دىققەت] 1 - ئۈچىنچى شرطگە ئاساسلانغاندا ﴿كُلُّ فِرْقٍ﴾نىڭ ‹راء›سىدىمۇ تفخيم بولىدۇ. لكن ‹قاف›دىمۇ زىر[2] بولغاچقا، بعض قارىيلار ترقيق ئوقۇشنى موافق كۆرىدۇ. ئىككىلى ئىش جائز.

[دىققەت] 2 - ئۈچىنچى شرطدە يېزىلغانكى، «ئەگەر شۇ كلمەدە شۇنداق ‹راء›دىن كېيىن استعلاء حرفلىرىدىن بىرەرسى بولسا، قېلىن ئوقۇلىدۇ». ‹شۇ كلمە› دېگەننى قيد قىلىشى استعلاء

---

[1] ﴿مِرْصَاد﴾ ئىككى جايدا: ﴿كَانَتْ مِرْصَادًا﴾ (سوره نبأ) و ﴿لَبِالْمِرْصَادِ﴾ (سوره والفجر).

[2] ‹ق›: استعلاء حرف بولۇپ، بۇ ‹راء›نىڭ تفخيمغا سبب. لكن مكسور بولغانلىقتىن، بۇنىڭ تفخيمى ضعيف بولىدۇ.

حــــرپ ئىككىنچى كلمـــەدە بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ اعتبـــارى يوق دېمەكچى، مثلاً: ﴿اَنْذِرْ قَوْمَكَ﴾، ﴿فَاصْبِرْ صَــبْرًا﴾، ﴿وَلاَتُــصَعِّرْ خَدَّكَ﴾ دېگەنلەردە ‹راء› ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ.

3 ـ قاعدە ئەگەر ساكىنلىق ‹راء›نىڭ ئالدىنقى حرپى حركەتلىك بولماي ئۇمۇ ساكىن بولسا (مۇنداق حالەت وقفدە بولىدۇ، خۇددى تۆۋەندىكى مثاللاردا كۆرسىتىلگەندەك)، بۇ حــرپنىڭ ئالدىنقى حرپگە قارا، ئەگەر ئۇنىڭدا زەبەر ياكى پەش بولسا، ‹راء›نى قېلىن ئوقۇ، مثلاً: ﴿لَيْلَةُ الْقَدْرِ﴾، ﴿بِكُمُ الْعُسْرَ﴾دە ‹راء›مۇ ساكىن، ‹دال› و ‹سين›مۇ ساكىن، ‹قاف›دا زەبەر، ‹عين›دا پەش بار. شۇڭا بۇ ئىككىلى كلمەنىڭ ‹راء›سى قېلىن ئوقۇلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدا زىر بولسا، ‹راء›نى ئىنچىكە ئوقۇ، مــثلاً: ﴿ذِى الــذِّكْرِ﴾دە ‹راء›مۇ ساكىن، ‹كاف›مۇ ساكىن و ‹ذال›دا زىر بار. شۇڭا ‹راء› ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ.

[دىققەت] 1 ـ لېكىن بۇ ساكىنلىق ‹راء›نىڭ ئالدىنقى ساكىنلىق حرپ ‹ي› بولسا، ئۇ چاغدا ‹يـــاء›دىن ئىلگىرىكى حــرپكە قارىماي، ‹راء›نى مطلق ئىنچىكە ئوقۇ، مثلاً: ﴿خَيْر﴾، ﴿قَدِيْر﴾دىكى ئىككىلى ‹راء› ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ.

[دىققەت] 2 ـ بۇ ئىككىنچى قاعدەگە موافق ﴿مِصْر﴾ و﴿عَــيْنَ الْقِطْرِ﴾ دېگەن لفظنى وقف قىلغاندا ‹راء›نى ئىنچىكە ئوقۇش لازم.

لكن قاريلار بۆ ئككلى لفظنىڭ ‹راء›سنى ئنچكە[1] و قېلىن[2] ئككى خىل ئوقۇدى، شۇڭا ئككى خىل ئوقۇش جائز. لكن ‹راء›دىكى حركتنى بەلگىلىك اعتبار[3]غا ئېلىش افضلدۇر.

دېمەك، ﴿مِصْرَ﴾دىكى ‹راء›دا زەبەر بولغاچقا، تفخيم اولىٰ و ﴿اَلْقِطْرِ﴾دىكى ‹راء›دا زىر بولغاچقا ترقيق اولىٰ.

[دىققەت] 3 - بۆ ئۆچىنچى قاعدەگە بناءً «سوره وَالْفَجْرِ»دىكى ﴿اِذَا يَسْرِ﴾دە وقف بولغاندا، ئۇنىڭ ‹راء›سى قېلىن ئوقۇلۇش لازم. امّا بعضى قاريلار بۇنى ئنچكە[4] ئوقۇشنى اولىٰ حسابلىدى. لكن بۆ روايت ضعيف[5]دۇر. شۇڭا بۆ ‹راء›نى مذكور قاعدەگە موافق قېلىنلا ئوقۇش لازم.

---

[1] بۆ علامه ابو عمرو دانى وجمهورنىڭ مذهب دۇر (نشر).

[2] بۆ امام ابو عبد الله بن شريح و باشقلارنىڭ رأيىدۇر (نشر).

[3] علامه جزرى مۇشۇنىلا اختيار قىلدى (نشر).

[4] لان اصله يسرى فرقّقوا الراء ليدل على الياء المحذوفة.

[5] حقيقت شۇكى، ﴿فَاَسْرِ﴾، ﴿اَنْ اَسْرِ﴾، ﴿واللَّيْلِ اِذَا يَسْرِ﴾، ﴿وَنُذُرِ﴾دىن عبارت بەش كلمه و ﴿اَلْجَوَارِ﴾ (شورىٰ، رحمن ، كوّرت) قاتارلىقلاردا ئەگەر اسكان بىلەن وقف قىلسا، ‹راء›دا تفخيم وترقيق ئككىلىسى جائزدۇر. بۆ بەش كلمه اصليده ‹ياء› بىلەندۇر. باشتىكى ئككى كلمه اصليده اَسْرِى ئىدى، ئاخىرىدىكى ‹ياء مد› حذف بولۇپ كەتتى. ﴿يَسْرِ﴾مۇ اصليده يَسْرِىدۇر، فواصلغا رعايه قىلغانلىقتىن ‹ياء› حذف بولدى. شۇنىڭدەك ﴿ نُذُرِى﴾دىكى اضافت ‹ياء›سى فواصلغا رعايه قىلغانلىقتىن حذف بولدى. ‹راء›دا سكون عارض بولغانلىق وما قبلسى مفتوح ياكى مضموم بولغانلىقتىن تفخيم بار. ﴿اَلْجَوَارِىْ﴾نىڭ ‹ياء متطرّفه›سىمۇ قَاضِنىڭ قاعدەسىگە ئوخشاش حذف بولدى. علامه جزرى ترقيقنى ترجيح قىلدۇ و ئېيتىدۇ: وكذلك الحكم فى ﴿والليل اذايَسْرِ﴾ فى الوقف بالسكون على قراءة من حذف الياء فحينئذٍ يكون الوقف عليه بالترقيق اولىٰ (نشرصفحه111). وشيخ على بن محمد ضباع رح شرح شاطبيەدە ئېيتىدۇ: لكن يستحسن الترقيق فى ﴿اذا يسر ﴾ و ﴿نذر﴾ على قراءة حذف الياء فيهما للدلالة على الياء او للفرق بين كسرة

4 ـ قاعده «قرآن كريم»ده ‹راء›دىن كېيىن[①] اِمَالَه قىلىنىدىغان بىر جاي بولۇپ، ‹راء›نىڭ حركتنى زىر دەپ بىلىپ، ‹راء›نى ئىنچىكە ئوقۇش لازم. ئۇ بىر جاي ﴿بِسْمِ اللهِ مَجْرِيها﴾[②]، بۇ ‹راء› خۇددى «قطرى» دېگەن لفظ ئوقۇلغاندەك ئوقۇلىدۇ. فارسلار اماله دەپ ‹ياء مجهول›نى دەيدۇ.

دېمەك، ﴿مَجْرِيها﴾نىڭ ‹راء›سى ئىنچىكە[③] ئوقۇلىدۇ.

5 ـ قاعده وقفگە سبب بولغان ‹راء› ساكن بولسا، گەپ ئېنىقكى، بۇنىڭدا 2 ـ و 3 ـ قاعدەگە ئاساسەن ‹راء›دىن ئىلگىرىكى حرفكە قاراپ شۇ ‹راء›نى ئىنچىكە ياكى توشقۇزۇپ، قېلىن ئوقۇش لازم. بۇنىڭغا سەزگۈرلۈك لازمكى، بۇ ئالدىنقى حرفكە وقفدە شۇ ‹راء›نى مطلق ساكن ئوقۇغاندا قارىلىدۇ. وقف قىلىشتىكى عام طريقه دەل مۇشۇ.

لكن بۇنىڭدىن باشقا وقفگە ئائىت يەنە بىر طريقەمۇ بولۇپ، بۇنىڭدا وقف قىلىنغان ‹راء› حرفى مطلق ساكن قىلىنماي، بەلكى ئۇنىڭدىكى حركتنى يەڭگىل درجەدە ئازغىنە چىقىرىپ

---

الاعراب و كسرة البناء (ارشاد المريد للضباع صفحه 187على حاشية الابراز). صاحب غيث النفع ﴿اذا يسر﴾ده ‹ياء›نى اثباتلاش ياكى حذف قىلىشقا ئائىت ئىككى قرائتنىڭ اختلافنى ئۇقتۇرۇپ مختصر تفريع بيان قىلىدۇ: ‹ياء› اثباتلانغان يەردە ‹راء› ئىنچىكە وحذف بولغان يەردە قېلىن ئوقۇلىدۇ. لكن كلامدا اختصارلىق بار.

① يعنى ‹راء›دىن كېيىنكى ‹الف›دا بىر جايدا اماله بار. امالەنىڭ معنىسى ئېگىش، دېگەن بولدى، يعنى ‹الف›نى ‹ياء مد› طرفكە مايىلراق قىلىپ ئوقۇش.

② هو فى الاصل مجراها بالالف فاُميْلت.

③ ولاينظر الىٰ انه فى الاصل الف والراء مفتوحة وحكم هذه الراءِ التفخيم.

ئورۇندىلىدۇ. بۇنى رَوْم دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ روم خاص زىر و پەشتە بولىدۇ. بۇ 13 - درستە مفصّل بيان قىلىنىدۇ، ان شاء اللّٰه تَعَالىٰ.

بۇ يەردە بۇنىمۇ دەپ قويۇش ضروركى، ئەگەر شۇنداق ‹راء›نى روم بويىچە وقف قىلغاندا، ئالدىدىكى حرفكە قارىماي، بەلكى شۇ ‹راء›دىكى بار حركتكە ئاساسەن ئۇنى قېلىن ياكى ئىنچىكە ئوقۇغاي، مثلا: ﴿وَالْفَجْرِ﴾دە شۇنداق روم بويىچە وقف قىلسا، ‹راء›نى ئىنچىكە ئوقۇغاي و ﴿مُنْتَصِرٌ﴾دا شۇنداق روم بويىچە وقف قىلسا، ‹راء›نى توشقۇزۇپ قېلىن ئوقۇغاي[1].

## توققۇزىنچى درس ساكنلىق ‹ميم› بىلەن تشديدلىك ‹ميم› ھەققىدە

1 - قاعدە: ‹ميم› ئەگەر تشديدلىك بولسا، ئۇنىڭدا غُنَّە ضروردۇر. غُنَّە دەپ دىماغدىن چىققان تاۋۇشنى دەيدۇ، مثلاً: لَمَّا بۇ حالتدە بۇ غنّە حرفى[2] دېيىلىدۇ.

---

[1] بۇ تمام قاعدەنىڭ خلاصەسى شۇ بولدىكى، زىر و پەشتە بولىدىغان وقف بالرومدىكى ‹راء مكسورە موقوفە بالروم›نى ئىنچىكە ، ‹راء مضمومە موقوفە بالروم›نى توشقۇزۇپ قېلىن ئوقۇغاي. شۇنىڭدەك وصلدىمۇ ‹راء مكسورە› ئىنچىكە ،‹راء مضمومە› قېلىن ئوقۇلىدۇ. شۇڭا رومدىكى ‹راء› وصلگە ئوخشاش بولىدۇ، دېيىلىدۇ.

[2] چۈنكى غنە حرفلىرىگە ئوخشاش تشديدلىك ميمدىمۇ غنّەنى اظهار قىلىش ضروردۇر (نهاية القول المفيد ).

[مۇھىم فائدە] غىنەنىڭ مقدارى بىر ‹الف›[1]دۇر، ‹الف›نىڭ مقـــدارىنى بىلىشنىڭ ئاسان طرىقەسى شۇكى، ئېچىقلىق حالەتتىكى بارماقنى يۇمغاي ياكى يۇمۇقلۇق حالەتتىكى بارماقنى ئاچقاي. بۇ بىر ئاددى مۆلچەر[2]، قالغىنى ماھىر بىر استاذنىڭ ئېغىزىدىن عملى ئاڭلاشقا باغلىق.

2 ـ قاعدە: ساكىنلىق ‹ميم› ئەگەر ‹ميم›غا يولۇقسا، ئۇ يەردە ادغام ئورۇن ئالىدۇ، يعنى ئىككى ‹ميم› كىرىشتۈرۈلۈپ، تشدىدلىك بىر ‹ميم›غا ئوخشاش غنّەلىشىدۇ (حقيقة التجويد)، مثلاً: ﴿اِلَـيْكُمْ مُّرْسَلُوْنَ﴾ و بۇ[3] ادغام صَغِيْر مِثْلَيْنِ دەپ ئاتىلىدۇ.

---

[1] شۇنىڭ ئۈچۈن تجويد علمآءلىرى مدطبيعىغا ئوخشاشلارنىڭ غنەسى ئىككى حركت مقدارىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك لازم ھەم كەممۇ بولماسلىق لازم، دېيىشتى. غنەنى اظھار قىلىش ئۈچۈن ئازغىنە تراخى ضرور بولىدۇ. لكن بۇ تراخىدا مبالغە قىلىشتىن ساقلىنىش لازم.

[2] تشدىدلىك ‹ميم›نىڭ ئالدىغا مد حرفى پەيدا بولۇپ قالماسلىقى ھايتى ضروردۇر. خۇددى بعض كىشىلەردە شۇنداق خطاءلىق تېپىلىدۇ، مثلاً: بعض كىشىلەر ﴿لَمَّا﴾نى لاَمَّا ﴿مِمَّ﴾نى ‹مِـيْمَّ› دەيدۇ، بۇ ئېغىر خطاءلىقتۇر.

[3] ساكىنلىق ‹ميم› ‹ميم›گە يولۇققاندىن كېيىن، بۇ ئىككى ‹ميم›نى بىرلەشتۈرۈپ تشدىدلىك قىلغانلىقىلا ادغام صغير مثلين دەپ ئاتىلىدىكەن، دەيدىغان گۇمان كەلمىگەي، بەلكى معلوم بىر حرف ساكن بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن دەل شۇ حرف حركتلىك كېلىپ ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇغان ھەرقانداق جايغا شۇ لفظنى (ادغام صغير مثلين دېگەن لفظنى) ئىشلىتىش صحيح بولىدۇ، مثلاً: ﴿مَنْ نَّشَآءُ﴾، ﴿اِذْ ذَّهَبَ﴾، ﴿فَمَا رَبِحَتْ تِّجَارَتُهُمْ﴾ و باشقىلار. مۇشۇنداقلارمۇ ادغام صغير مثلين دەپ ئاتىلىدۇ.

و ساكنلىق ‹ميم› ئەگەر ‹باء›غا يولۇقسا، ئۇ يەردە غنّە بىلەن بىرگە اخفاء ئورۇن ئالىدۇ و بۇ اخفاءنىڭ معنىسى[1] شۇكى، بۇ ‹ميم›نى ئورۇندايدىغاندا ئىككىلى لەۋنىڭ قۇرغاق قىسمىنى ناھايىتى يۇمشاقلىق بىلەن بىر-بىرىگە چاپلاپ غنە صفتىنى بىر ‹الف› مقدارى ئاشۇرۇپ دىماغدىن ئورۇندىغاي، ئۇنىڭ كەينىدىن ئىككى لەۋنى ئاجرىتىشتىن ئىلگىرى ئىككى لەۋنىڭ ھۆل قىسمىنى قاتتىقلىق بىلەن بىر-بىرىگە چاپلاپ ‹باء›نى ئورۇندىغاي (جهد المقل)، مثلا: ﴿وَمَنْ يَّعْتَصِمْ بِاللّٰهِ﴾ و بۇ اِخْفَاء شَفَوِى[2] دەپ ئاتىلىدۇ. ساكنلىق ‹ميم› ئەگەر ‹ميم› و ‹باء›دىن باشقا حرفلەرگە يولۇقسا، ئۇ چاغدا ‹ميم› اظهار قىلىنىپ ئوقۇلىدۇ، يەنى ئۆز مخرجىدىن غنە سىز حالت دە اظهار قىلىنىدۇ، مثلا: ﴿اَنْعَمْتَ﴾ و بۇ اِظْهَار شَفَوِى دەپ ئاتىلىدۇ.

**[دىققەت]** بعض حافظلار بۇ اخفاء واظهاردا ‹باء، واو، فاء›لارنىڭ قاعدەسى بىرلا دەپ چۈشىنىپ، بۇ قاعدەنىڭ اسمنى«بوف»قاعدەسى دەپ ئاتاشتى، يەنى بعضلەر بولسا،

---

[1] ‹ميم›دىكى اخفاءنى ئورۇنداشنىڭ طريقەسىنى چۈشەندۈرۈش مقصددۇر. مفهوم اعتبارى بىلەن مۇنچىلىك مقدارنى بىلىش كفايە: ‹ميم›نى اطباق شفتين بىلەن تازا يىملاشتۇرۇپ ئورۇندىماي، بەلكى ‹ميم›نى ئىككى لەۋنى يۇمشاقلىق بىلەن بىر-بىرىگە چاپلاپ ئورۇندىغاي و بۇ حالتدە دىماغدىن غنە تازا ياخشى اظهار قىلىنىدۇ. چۈنكى اخفاء دەپ حرفنىڭ ذاتنى روشەن كۆرستىشنىڭ ئورنىغا يوشۇرۇن ئورۇندىغاننى دەيدۇ.

[2] چۈنكى ‹باء›، ‹ميم› شفتينگە مناسبتلىكتۇر.

ئۇچىلىسىدە اخفاء قىلىدۇ، بعضلەر ئۇچىلىسىدە اظهارقىلىدۇ وبعضلەر بۇ حرفلەرنىڭ يېنىدىكى ساكىنلىق مىمغا ھەرگىز حركت بەرمەيدۇ، مثلا: ﴿عَلَيْهِمْ وَ لاَالضَّآلِّيْنَ﴾، ﴿يَمُدُّهُمْ فِىْ﴾. بۇھەممىسى قاعدەگە خلاف. بىرىنچى و ئۇچىنچى قَوْل بولسا، پۈتۈنلەي خطاء و ئىككىنچى قول ضعيفدۇر (درة الفريد).

## ئونىنچى درس ساكىنلىق ‹نون› بىلەن تشديدلىك ‹نون› ھەققىدە

ئالتىنچى درسنىڭ بېشىدا تنوينمۇ ساكىنلىق ‹نون›غا داخل دەپ يېزىلغان (شۇيەرگە قايتا قاراڭ). لكن تۆۋەندىكى قاعدەلەردە ساكىنلىق ‹نون› بىلەن ‹تنوين› دېگەن ئاتالغۇنى ئاسانلا فرق ئېتىۋالغىلى بولىدۇ.

1 ـ قاعدە: ‹نون› ئەگەر تشديدلىك بولسا، تشديدلىك ‹ميم›غا ئوخشاش بۇنىڭدىمۇ غُنَّه ضروردۇر، بۇمۇ مۇشۇ حالىتدە غنه حرفى دېيىلىدۇ[1] (توققۇزىنچى درسنىڭ بىرىنچى قاعدەسىگە قايتا قاراڭ).

---

[1] تشديدلىك ‹نون›دىمۇ غنّەنى اظهار قىلىش ضرور بولىدۇ، ظهور غنه ئۈچۈن تراخى ومهلت ضرور. لكن بۇ تراخى مدّ طبيعىنىڭ مقداريدىن ئېشىپ كەتمىسۇن، شۇنداقلا ‹نون› ئورۇندىلىشتىن ئىلگىرى مد حرفنىڭ تۇغۇلىشىدىن قاتتىق ساقلىنىش ضرور، مثلاً ﴿اِنَّ﴾ «اِيْنَّ» ھەرگىز بولمىغاي.

2 ـ قاعده: ساكنلىق ‹نون› بىلـەن ‹تنوين› ئەگـەر حـروف حلقدىن بىرەرسىگە يولۇقسا، ئۇ يەردە ‹نـون›نى اظهـار (ئېنىق تَلَفُّظ) قىلىنىدۇ، يعنى غنّە قىلىنمايدۇ، مثلاً: ﴿اَنْعَمْتَ﴾، ﴿سَوآءٌ عَلَيْهِمْ﴾ و باشقىلار، بۇ اظهارحَلْقى دەپ ئاتىلىدۇ.

حروف حلقيّە ئالتە بولۇپ، يىغىندىسى بۇ شعر:

حرف حلقىچە سمجە[1] اى نُور عين ٭ همزه هاؤحاؤخاؤعَيْنُ وغينِ

تۆتىنچى دەرستىكى 1 ـ ، 2 ـ ،3 ـ ، 4 ـ مخرجگە قايتا قاراڭ و اظهارنىڭ معنىسى[2]نى بىلىش ئۈچۈن توققۇزىنچى دەرسنىڭ ئىككىنچى قاعدەسىگە قايتا قاراڭ.

3 ـ قاعده: ئەگـەر ساكىنلىق ‹نون› بىلـەن تنوين «يَرْمَلُوْنَ»دىن عبارت ئالتە حرفنىڭ بىرەرسىگە يولۇقسا، ادغام قىلىنىدۇ، يعنى ‹نون› ئۆزىدىن كېيىنكى حرفكە ئالمىشىپ ئىككىلىسى بىر بولۇپ كېتىدۇ، مثلا: ﴿مِنْ لَّدُنْهُ﴾، قاراڭلار! ‹نون› ‹لام› قىلىنىپ ئىككىلىسى بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. دېمەك، يېزىقتا ‹نون› ئۆز پېتى ساقلانغان بولسىمۇ، ئوقۇلۇشتا خاص ‹لام› ئوقۇلىدۇ. بىراق مذكور ئالتە حرفتە ئازغىنە فرق بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىن تۆت حرفتە غنّەلىك ادغام قىلىنىدۇ و بۇ غنە تشديدلىك ‹نون›غا ئوخشاش

---

[1] ئالتە دەپ چۈشەنگىن.
[2] يعنى حرفنى ئۇنىڭ مخرج وصفاتىدىن غنّەسىز حالىتىدە ئېنىق تلفُّظ بىلەن ئورۇنداش.

ئاشۇرۇپ ئوقۇلىدۇ (ئىككى حركت مقدارى). مذكور تۆت حرف‌نىڭ يىغىندىسى ‹يَنْمُو› حرف‌لىرىدىن عبارت، مثلا: ﴿**مَنْ يُّؤْمِنُ**﴾، ﴿**بَرْقٌ يَّجْعَلُوْنَ**﴾ و باشقىلار[1]. بۇ ادغام مع الغنّه (غنه‌لىك ادغام) دەپ ئاتىلىدۇ وقالدۇق ئىككى حرف يعنى ‹راء›، ‹لام›لاردا غنّه بولمايدۇ، مثلاً: ئۈستۈندە ئۆتكەن ﴿**مِنْ لَّدُنْهُ**﴾ دېگەن مثالدەك. بۇنىڭدا دىماغتىن ئازراقمۇ تاۋۇش چىقىرىلماستىن، بەلكى خاص ‹لام›غا ئوخشاشلا ئوقۇلىدۇ، بۇ اِدْغَام بِلاَ غُنَّه (غنەسىز ادغام) دەپ ئاتىلىدۇ.

توققۇزىنچى درس‌نىڭ 1- و 2- قاعدەلىرىدىكى غنّه و ادغام[2]نىڭ معنى‌سىگە قايتا قاراڭ.

بىراق بۇ ادغام‌نىڭ بىر شرطى شۇكى، بۇ ‹نون› بىلەن بۇ حرف بىر كلمەدە بولمىسۇن. ئۇنداق بولمىسا، ادغام قىلىنماستىن، بەلكى اظهار قىلىنىدۇ، مثلاً: ﴿**دُنْيَا**﴾، ﴿**قِنْوَانٌ**﴾، ﴿**صِنْوَانٌ**﴾، ﴿**بُنْيَانٌ**﴾. پۈتۈن «قرآن كريم»دە بۇ قاعدەگە بناءً مۇشۇ تۆت لفظلا تېپىلىدۇ. بۇلاردىكى اظهار اِظْهَار مُطْلَق دېيىلىدۇ.

---

[1] ﴿مِنْ وَّالٍ﴾، ﴿يَوْمَئِذٍ وَّاهِيَةٌ﴾، ﴿مِنْ مَّاءٍ مَّهِيْنٍ﴾، ﴿مَنْ نَّشَآءُ﴾، ﴿اَمَنَةً نُّعَاسًا﴾ .

[2] ادغام دەپ ساكنلىق حرفنى حركەتلىك حرف بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇپ، ئىككىلىسىنى بىر-بىرىگە كىرىشتۈرۈپ، بىرلا تشديد بىلەن ئورۇندىغاننى دەيدۇ. بىرىنچى حرفنى مدغم و ئىككىنچى حرفنى مدغم فيه دەپ ئاتىلىدۇ.

4 ـ قاعده: ئەگەر ساكنلق ‹نون وتنوين › ‹بـــاء› حـــرفگه يولۇقسا، ساكنلق ‹نون و تنوين› ‹ميم›غا ئالمشىپ غنّه واخفـــاء بىلەن ئوقۇلىدۇ، مثلاً : ﴿مِنْ بَعْدِ﴾، ﴿سَمِيْعٌ بَصِيْرٌ﴾ و بعض «قرآن كريم»ده ئاسان بولسۇن ئۈچۈن مۇنداق ‹نون و تنوين›دىن كېيىن كىچىككىنه قىلىپ ‹ميم›مۇ يېزىپ قويۇلىدۇ، مثلا: ﴿مِنْ م بَعْـــد﴾ و بۇ اِقْلاَب و قَلْب دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ‹مـــيم›نى اخفـــاء قىلىشنىڭ معنىـــسى بىلەن ئۇنى ئورۇنداشنىڭ طريقـــەسىمۇ توققۇزىنچى درسنىڭ ئىككىنچى قاعدەسىدە تىلغا ئېلىنغان اخفاء شـــفوىدىن عبارت.

5 ـ قاعده: ساكنلق ‹نون› و ‹تنوين› 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ ، 4 ـ قاعدەلەردە تىلغا ئېلىنغان ئون ئۈچ حـــرفدىن باشقا حـــرفكه يولۇقسا، ئۇ يەردە ‹نون› و ‹تنوين› اخفـــاء و غنّـــه بىلەن تلفّـــظ قىلىنىدۇ. ئۇ باشقا حـــرفلەر بولسا «ت، ث، ج، د، ذ، ز، س، ش، ص، ض، ط، ظ، ف، ق، ك»دىـــن ئىبـــارەت ئـــون بـــەش حرفتۇر.

‹الف› ‹ساكنلق نون›دىن كېيىن كېلەلمگەچكە، ئۇ مـــذكور 15 حرفلەر قاتاردا سانالمىدى (درة الفريد).

بۇ اخفاءدىن مقصد: ساكنلق ‹نـــون› و ‹تنـــوين›نى اصـــلى مخرجدىن (تىل ئۇچى و يۇقىرىقى تاماقتىن) ئايرىم تۇتۇپ، ئۇنىڭ

تاۋۇشنى دىماقتا يوشۇرۇپ ادغاممۇ، اظهارمۇ قىلماستىن، بەلكى ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى بىر خىل حالەتتە بىر ‹الف› مقدارى غنّە بىلەن تلفظ قىلغاي.

## ئون بىرىنچى درس ‹الف›، ‹واو› و ‹ياء›لارنىڭ ساكىنلىق حالەتلىرىدىكى قاعدەلىرى ھەققىدە

زەبەرلىك حرفنىڭ كەينىدە كەلگەن ساكىنلىق ‹الف›[1] و پەشلىك حرفنىڭ كەينىدە كەلگەن ساكىنلىق ‹واو› و زىرلىك حرفنىڭ كەينىدە كەلگەن ساكىنلىق ‹ياء› قاتارلىقلارنىڭ اسمى مدّدۇر (4- درسنىڭ 1- مخرجگە قاراڭلار). ئۆرە زەبەر و ئۆرە زىر و تەتۈر پەش قاتارلىقلارمۇ مد حرفلىرىگە داخل. چۈنكى ئۆرە زەبەر ‹الف مدّ›نىڭ، ئۆرە زىر ‹ياء مد›نىڭ و تەتۈر پەش ‹واو مد›نىڭ تاۋۇشنى بىرىدۇ. تۆۋەندە بۇنىڭ قاعدەلىرىنى مفصّل بيان قىلىمىز:

1- قاعدە: ئەگەر بىر كلمە ئىچىدە مد حرفدىن كىيىن ھمزە كەلسە، بۇ مدحرفى سوزۇپ ئوقۇلىدۇ، بۇ سوزۇپ ئوقۇغاننى مد دەپ ئاتايدۇ، مثلاً: ﴿سَوَآءٌ﴾، ﴿سُوْءً﴾، ﴿سِيْئَتْ﴾ و بۇنىڭ اسمى مدّ

[1] ‹الف›غا ھەمىشە مۇشۇ بىر حالەت بولىدۇ. يعنى ‹الف› ئۆزى ساكن، ماقبلسى مفتوح.

مُتَّصِل (تۇتاشقان مد)دۇر و بۇنى مد واجب‌مۇ دەيدۇ. بۇ مدنىڭ سوزۇلۇش مقدارى ئۈچ ‹الف› ياكى تۆت ‹الف› بولىدۇ، ‹الف›نى مۆلچەر قىلىشنىڭ طريقەسى توققۇزىنچى درس‌نىڭ 1 - قاعدەسىدە بيان قىلىندى. دېمەك، بۇ طريقەنى بىلىش ئۈچۈن ئالقاننى ئېچىپ يۇمۇش بىلەن بۇ مۆلچەر حاصل بولىدۇ. ئاگاھ بولۇڭكى، مد حرف‌لىرىنىڭ اصلى مقدارى ئايرىم[1] نَظَردە تۇتۇلىدۇ.

2 - قاعدە: ئەگەر مد حرفى بىرىنچى كلمەنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، ‹همزە› ئارقىدىكى كلمەنىڭ بېشىدا كەلگەن بولسا، مد بىلەن سوزۇپ ئوقۇلىدۇ، مثلاً: ﴿**اِنَّآ اَعْطَيْنَا**﴾، ﴿**اَلَّذِىْ اَطْعَمَهُمْ**﴾، ﴿**قَالُوْا اٰمَنَّا**﴾. بۇ مد ئىككىلى كلمەنى بىرلەشتۈرۈپ ئۇلاپلا ئوقۇغاندا كۆرۈنەرلىك حاصل بولىدۇ (و ئەگەر بىرەر سببدىن بىرىنچى كلمەدە توختىغان بولسا، ئۇ چاغدا مد بىلەن

[1] حضرت مصنف‌نىڭ مراد شۇكى، مد متّصل‌نىڭ مقدارىدا ئىككى قَوْل بار: بىر قول‌دە تۆت ‹الف› مقدارى و يەنە بىر قول‌دە بەش ‹الف› مقدارى، بۇنىڭدىن زيادە ئەمەس. چۈنكى بۇ كتاب حفص‌نىڭ روايت‌گە ئاساسلىنىپ يېزىلغان. حفص‌نىڭ روايت‌دە بۇ يەردە مد متصل‌دا توسُّط بولىدۇ، توسط ئەڭ زيادە بولغاندا ئۇنىڭ مقدارى بەش ‹الف›. بىر ‹الف› زيادە بولۇپ كەتسە، يعنى ئالتە ‹الف› مقدارى بولۇپ كەتسە، توسط بولمايدۇ، بەلكى ئۇنى طُوْل دېيىلىدۇ، بۇ حفص‌نىڭ روايت‌دە جائز ئەمەس. مقصد شۇكى، حفص‌نىڭ روايت‌دە مد متصل‌دا طول يوق، بەلكى توسُّطلا بار و توسط ئەڭ كۆپ بولغاندا بەش ‹الف› مقدارى بولىدۇ. ئاگاھ بولۇڭكى، بۇ يەردىكى ‹الف›دىن حركت مراددۇر. حاصل شۇكى، مد متصل‌دا تۆت حركت ياكى بەش حركت مقدارى بويىچە بولغاندا توسط بولىدۇ. مزيد تفصيل كتاب‌نىڭ «ئاخىرى»دىكى ئىزاھاتتا بيان قىلىنىدۇ.

ئوقۇلمايدۇ). بۇنى مد منفصل (ئايرىلغان مد) و مَدّ جَائِز[1] دەپمۇ ئاتىلىدۇ[2]، بۇ مدنىڭ سوزۇلۇش مقدارىمۇ ئۈچ ‹الف› ياكى تۆت ‹الف› بولىدۇ، خۇددى مدمتصل‌غا ئوخشاش.

3 ـ قاعده: معلوم بىر كلمەدىكى مد حرف‌دىن كېيىنلا اصل سكون‌غا ئىگە (وقف سبب‌دىن سكون بولمىغان)، بىرەر ساكنلىق حرف كەلسە ﴿ آلْـٰٔنَ ﴾ دېگەندەك. «بۇنىڭدا بىرىنچى حرف ‹همزه›، ئىككىنچى حرف ‹الف مد› و ئۈچىنچى حرف ساكنلىق ‹لام›دۇر. وقفنىڭ سەۋەبى بولمىغىنىكەن، بۇنىڭ ساكن بولىدىغانلىقى ئېنىق، شۇنداقلا بۇ[3] وقف بولماي على الدوام ساكنلا ئوقۇلىدۇ» مۇنداق[4] مددىمۇ مد بولىدۇ، بۇنىڭ نامى مد

---

[1] تسمى بالجائز لان بعض الائمة لايوجبه.

[2] حفص‌نىڭ بىر طريق (طريق جزرى)گە مطابق بۇ قسم‌نى مد جائز دېيىلىدى، بۇ طريق‌دا مد قىلىش و قىلماسلىق ئىككىلىسى جائزدۇر. اما شاطبى‌نىڭ طريق‌سىدا مد متصل‌غا ئوخشاش ئۇنىڭدا مد قىلىش ضروردۇر.

ومد منفصل‌نىڭ مقدارىمۇ مدمتصل‌غا ئوخشاش ئەڭ كۆپ بولغاندا تۆت ياكى بەش حركت‌لا بولىدۇ.

[3] سكون اصلى و سكون عارضى‌نىڭ فرق‌نى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بۇ سۆزنى قىلدى، ئۇنداق بولمىسا، لام‌دا وقف قىلىنمايدۇ. چۈنكى كلمەنىڭ ئارىلىقىدا وقف جائز ئەمەس، وقف على الدوام كلمەنىڭ ئاخرىدا بولىدۇ.

[4] مد لازم كلمى مخفَّف‌نىڭ تعريف‌نى مۇنداق ياد قىلغاي: «مد حرف‌دىن كېيىن كەلگەن حرف‌دە سكون اصلى بولۇپ، بۇ مد حرفى كلمه قرآن‌دىلا بولغاننى مد لازم كلمى مخفَّف دەيدۇ». ئېنىقكى، پۈتۈن «قرآن كريم»دە (برواية حفص) مد لازم كلمى مخفف‌نىڭ مثالى خاص مۇشۇ بىر لفظلا ﴿آلْـٰٔنَ﴾ بۇ «سوره يونس»دە ئىككى يەردە كېلىدۇ.

لازم (ضرورىمد)دۇر، بۇ مدنىڭ سوزۇلۇش مقدارى ئۈچ[1] ‹الف›، مۇنداق مد كَلِمِى مخفّف دەپ ئاتىلىدۇ.

4 ـ قاعدە: معلوم بىر كلمەدە مد حرفدىن كېيىن تشديدلىك حرفدىن بىرەرسى كەلسە، ﴿ضَآلِّيْنَ﴾ دېگەندەك (بۇنىڭدا الف مد بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى لام حــرفدە تــشديد بار). مۇنداق مددىمۇ مد[2] بولىدۇ، بۇنىڭ نامىمۇ مــد لازم، بۇنىڭ سوزۇلۇش مقدارى ئۈچ ‹الف›، مۇنداق مد كلمى مثقّل دەپ ئاتىلىدۇ.

5 ـ قاعــدە: بعــض ســورەلەرنىڭ بېشىدا ئايرىم ـ ئايرىم ئوقۇلىدىغان حرفلەر بار، مثلا: «ســوره بقــره»نىڭ بېشىدىكى ﴿الٓمٓ﴾، يعنى «**الف، لام، ميم**». مۇنداق حرفلەر حُرُوْفِ مُقَطَّعَــه دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدىكى بىرسى بولسا، ئۆزىلا ‹الــف› بولۇپ، بۇنىڭغا ئائىت بۇ يەردە هېچقانداق قاعدە[3] يوق. بۇنىڭدىن باشقا

---

① ئاگاھ بولۇڭكى، بۇ يەردە حضرت مصنفنىڭ بىر ‹الــف›دىن مــرادى ئىككى حركــت مقداردۇر. گويا ئۇزۇنلۇقى ئالتە حركت مقدارىدەك بولدى.

② مختصر لفظلەردە تعريفنى مۇنداق يادلىسا ئاسان بولىدۇ: «معلــوم بىر كلمــەدىكى مد حرفدىن كېيىن تشديدلىك حرف كەلسە، ئۇ مد لازم كلمى مثقل بولىدۇ»، مثلا :﴿اَتُحَآجُّوْنِّى﴾ و باشقىلار. ‹الف›نىڭ تلفظدا ئۈچ حرف بار: ‹همزه، لام، فاء›. ئۈچىدىن بىرەرسىمۇ مــد حــرفى ئەمەس. شۇڭا بۇ مدنىڭ بحثدىن خارج، چۈنكى محلِّ مدلا موجود ئەمەس.

③ الفنىڭ تلفظدا ئۈچ حرف بار: ‹همزه، لام، فاء›. ئۈچىدىن بىرەرسىمۇ مد حــرفى ئەمەس. شۇڭا بۇ مدنىڭ بحثدىن خارج، چۈنكى محلِّ مدلا موجود ئەمەس.

قىپقالغانلىرى ئىككى خىل: بىرى ئۈچ[1] حرفلىك، مثلاً: ‹لام، ميم، قاف، نون›، يەنە بىرى ئىككى حرفلىك، مثلا: ‹طٰ، ەٰ›.

ئىككى حرفلىك بولغانغا ئائىتمۇ بۇ يەردە ھېچقانداق قاعده[2] يوق، ئۈچ حرفلىك بولغىنىدا مد بولىدۇ، بۇنىمۇ مــد لازم دەپ ئاتىلىدۇ، بۇنىڭ سوزۇلۇش مقدارىمۇ ئۈچ ‹الف›دۇر و مۇنداق مد مدّ حَرْفِىْ دېيىلىدۇ. ئاندىن حروف مقطعــەنىڭ اخيرقـــى حـــرفى ئوقۇغاندا تشديد چىقىدىغانلىرىنىڭ مدنى مد حرفى مثقَّـــل[3] دەپ ئاتىلىدۇ، مـــثلا: ﴿الم﴾دا ‹لام›نى ‹مـــيم› بىلەن بىرگە ئوقۇغاندا اخيرىدا تشديد پەيدا[4] بولىدۇ وحروف مقطعەنىڭ ئىچىدىن تشديد يوقلىرىنىڭ مدنى مد حرفى مخفَّـــف دەپ ئاتىلىدۇ، مـــثلاً: ﴿الم﴾دا ‹ميم›نىڭ اخيرىدا تشديد يوق[5].

---

[1] مۇنداق حرفلەرنىڭ ھەممىسى يەتتە: ‹ن، ق، ص، س، لام، كاف، ميم›.

[2] مۇنداق حرفلەرنىڭ ھەممىسى بەش: ‹حا، يا، طا، ھا، را›. بۇ بەشىدە مـــد اصـــلى بار. چۈنكى محل مد بولسا، الفدۇر. لكن بۇنىڭ كەينىدە سبب مد (همزه ياكى سكون ياكى تـــشديد) يوق. شۇڭا بۇ مد فرعىمۇ ئەمەس.

[3] مختصر تعريفنى مۇنداق ياد قىلىڭ: «مد حرفدىن كېيىن كەلگەن حرف ئەگەر تشديدلىك بولۇپ، بۇ مد حرفى مقطعاتدىن بولسا، ئۇ مد لازم حرفى مثقّل بولىدۇ».

[4] ساكنلىق ‹ميم›نىڭ قاعدەلىرىدە سىز ئوقۇپ بولدىڭىزكى، ئەگەر ساكنلىق ‹ميم›دىن كېيىن ‹ميم› كەلسە، ئۇ يەردە ادغام ئورۇن ئالىدۇ و ادغامنىڭ وجەدىن ‹ميم› تشديدلىك بولۇپ كېتىدۇ. مۇشۇ قاعدەگە مطابق ‹لام›نىڭ، ‹ميم›نىڭ، ‹ميم›نىڭ ئالدىدىكى ‹ميم›دا ادغـــام بولۇپ تـــشديد كەلدى.

شۇنىڭدەك ﴿طسمّ﴾ اصلدە ‹طٰ› ‹سِيْنْ› ‹مِيْم›دۇر. بقاعدة «يَرْمَلُوْنَ»، ‹نـــون›نىڭ ‹مِـــيْم›دا ادغام بولۇپ تشديد كەلدى و شۇنىڭدەك ‹سين›دا مد لازم حرفى مثقل تېپىلدى.

[5] شۇنىڭدەك ﴿الرٰ﴾نىڭ ‹لام›دىكىمۇ مد لازم حرفى مخفَّفدۇر.

[دىققەت] 1 - يۇقرىدا ئۈچ حرفلىك مقطّعاتدا مد ئوقۇش ئۆقتۇرۇلدى، ئۇنىڭ كۆپىنچىسىدە ئوتتۇرىدىكى حرفلا مد بولۇپ، ئۇنىڭ كەينىدە ساكنلىق حرف بار، مثلا: ‹ميم›دا يائى مد بولۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىكى ساكنلىق ‹ميم›دۇر.

بعض يەردە تشديدلىك حرف بار، مثلا: ‹لام›دا الف مد بولۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىكى تشديدلىك ‹ميم›دۇر، بۇنداق جايلاردا مد بولغانلىق عام قاعدەگە موافق.

امّا ئۈچ حرفلىك مقطعاتنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرىسىدا مد حرف يوقلىرى بار، مثلا: ﴿كهيٰعص﴾دىكى «ع».[1]

بۇ يەردە مد بولۇش عام قاعدەگە موافىق ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر مد قىلمىسا، يەنىمۇ دۇرۇس. لكن مد قىلىش[2] افضل و بۇ مدنى لازم لين دەپ ئاتىلىدۇ.

[دىققەت] 2 - ئەگەر حروف مقطعات ئىچىدىن اخىرىدا كەلگىنىدە وقف قىلسا، مدّ ئورۇن ئالىدۇ و ئەگەر كېيىنكى كلمەگە ئۇلاپلا ئوقۇۋەتسە، ئۇ چاغدا مد قىلىش، قىلماسلىق ئىككىلىسى جائزدۇر، مثلاً: «سوره آل عمران»دا ﴿الم﴾نىڭ ‹ميم›نى ئەگەر الله

---

① مد لازم لين‌نىڭ مثالى «قرآن كريم»نىڭ تمام يېرىدە خاص عين حرف بولۇپ، بۇ ئىككى جايدا كېلىدۇ: «سۈره مَرْيَم» و «سۈره شورٰى»نىڭ مقطعاتلىرىدا واقع بولغۇچىدۇر.

② ابن مجاهد واكثراكابراهل اداءنىڭ مذهبىدە طول افضلدۇر وابن غلبون، مكى و بىر جماعت توسطنىمۇجائز، بەلكى مستحسن ساندى و قصرمۇ جائز (نهاية القول المفيدصفحه 130.)

دېگەن لفـــظگـە ئۇلاپـلا ئوقۇۋەتـسە، مـــد قىلىش، قىلماسلىق اختيارلىق[1] بار.

6 ـ قاعدە: معلوم بىر كلمەدىكى مد حرفدىن كېيىن اصل سكونغا ئىگە ئەمەس (وقف سـببلىك سكون بولۇپ قالغان) بىرەر ساكنلىق حرف كەلسە (و بۇ ساكن 3 ـ قاعــدەنىڭ بېشىدا تىلغا ئېلىنغان ساكىننىڭ خلافدۇر)، مۇنداق مــددە مد قىلىش جائز و قىلماسلىقمۇ دۇرۇس. لكن مد قىلىش افضل، مثلاً: ﴿اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِيْنَ﴾دە شۇنداق، بۇنى مدّ وَقْفِــى و مــد عَــارِضمۇ دېيىلىدۇ. بۇ مدنىڭ سوزۇلۇش مقدارى ئۈچ ‹الف›[2]قا برابر بولۇپ، بۇ طولمۇ دېيىلىدۇ. ئىككى ‹الف›قا برابــر مــد قىلىشمۇ جــائز بولۇپ، بۇ توسط دېيىلىدۇ. مطلق مد قىلماسلىقمۇ جائز، يعنى بىر ‹الف›نىڭ برابرىدىلا ئوقۇپ، بۇنىڭدىن كېمەيتىۋەتمەسلىك مۇهىم بولۇپ، (ئالدىمىزدىكى ئۈچىنچى دىققەتكە قاراڭلار) بۇ قـــصر دېيىلىدۇ.

---

[1] طول وقصر ئىككى وجە جائز، توسط ناهايىتى ضعيفدۇر (نهاية القول المفيد صفحە 130).

[2] يعنى طول دېگىنى ئالتە حركتكە تەڭ وتوسط دېگىنى تۆت حركتكە تەڭ وقصر دېگىنى ئىككى حركتكە تەڭ. ئاگاھ بولۇڭكى، متصل و منفصلدا توسط بولىدۇ ومد لازمنىڭ تۆتىلى قسمىدا خاص طول بولىدۇ و مد عارض وقفى و مد لين عــارض قاتارلىقلاردا طــول، توســط، قصردىن عبارت ئۈچىلىسى جائزدۇر.

بۇ مدده طول ھەممدىن افضل، ئۇنڭدىن قالسا، توسط. ئۇنڭدىن قالسا، قصر.

بۇنڭغمۇ ئاگاھ بولۇڭكى، تلاوت تۇگىگچە مذكور ئۇچ طريقەدىن معلوم بىرسگە موافقلاشتۇرۇپ ئوقۇشنى اختيار قىلىڭ. بىردەم طولغا بىردەم قصرگە موافقلاشتۇرۇپ ئوقۇماڭ، بۇ مدمۇ مد جائزنىڭ بىر قسمى. بۇنڭغمۇ ئاگاھ بولۇڭكى، وقف بولغانلا يەردە مد بولىۋەرمەيدۇ، مثلاً: بعض كىشلەر ﴿غَفُوْرًا﴾، ﴿شَكُوْرًا﴾دا وقف قىلىپ مد[1] چىقرىپ قويىدۇ، بۇ پۇتۇنلەي خطاءدۇر.

[دىققەت] 1 ـ مدّ عارضدا مد جائز بولغاندەك لىندىمۇ مد جائزدۇر، يعنى زەبەرلىك حرفنىڭ كەينىدە كەلگەن ساكنلىق واو و زەبەرلىك حرفنىڭ كەينىدە كەلگەن ساكنلىق ياءدىمۇ مد جائزدۇر (5 ـ درسكە قاراڭ)، مثلاً: ﴿وَالصَّيْفِ﴾دە ياكى ﴿مِنْ خَوْفٍ﴾دە شۇنداق مد يعنى طول جائز، شۇنڭدەك توسط و قصرمۇ جائزدۇر. لكن بۇنڭدا قصر افضل ، ئۇنڭدىن قالسا، توسط، ئۇنڭدىن قالسا، طول. بۇ مد مد عارض لىن دەپ ئاتىلىدۇ.

---

[1] يعنى ‹الف›نى ئۆزىنىڭ اصلى سوزۇلۇش مقدارىدىن ئارتۇق سوزۇۋېتىش صحيح ئەمەس. ئاگاھ بولۇڭكى، مۇنداق ئورۇندا بعض كىشلەر ‹الف›دىن كېيىن ‹همزە› ياكى ‹ھا› چىقرىپ قويىدۇ، بۇ خطاء.

[دىققەت] 2 - ھەرف لىينگە ئائىت (11 - درسنىڭ 5 - قاعدەسىنىڭ 1 - دىققىتىدە) بىر قاعدە ئۆتتى. چۈنكى ئۇ يەردىكى حروف مقطعەنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان ‹عين› حرفىنىڭ ياءسى حرف لين دۇر.

[دىققەت] 3 - مۇشۇ يەرگىچە تىلغا ئېلىنغان بارچە مد قىسملىرىنى مد فرعى[1] (قوشۇمچە مد) دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى بۇ اصل ھەرفىدىن ئارتۇقتۇر، بىر مد اصلى ذاتى وطبيعى مۇ دېيىلىدۇ. يعنى ‹الف›، ‹واو› و ‹ياء› قاتارلىقلاردا بىر خىل طبيعى سوزۇلۇش بولۇپ، بۇنىڭدىن كېمەيتىپ ئوقۇپ قويسا، ئۇ حرف ئۆزىنىڭ اصل ذاتىنى ساقلاپ قالالماي، بەلكى ئۇ زەبەر، ياكى پەش، ياكى زىر ھالىتىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

7 - قاعدە: بۇنىڭدا مد ھەرفلىرىنىڭ ئىچىدىن خاص ‹الف›قا ئائىت قاعدە سۆزلىنىدۇ. بۇ تۆۋەندىكىچە: ‹الف›نىڭ ئۆزى اصلىدە ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ. لكن قېلىن ئېلىنىدىغان ھەرفىدىن بىرەرسى ئۇنىڭ ئۈستىدە بولسا، يعنى ‹الف›نىڭ ئۈستىدە استعلاء ھەرفلىرىدىن بىرەرسى بولسا (بۇ 5 - درسنىڭ 5 - صفتىدە بيان

---

[1] مد اصلى ياكى مد طبيعى ياكى مد ذاتىنىڭ تعريفىنى مۇنداق تونۇۋېلىڭ: «مد اصلى دەپ مد ھەرفىدىن كېيىن ھمزە، ياكى سكون، ياكى تشديد بولمىغانلىقتىن ئۇنى ئۆزىنىڭ اصل مقدارىدا ئوقۇغاننى دەيدۇ».

مد فرعى دەپ مد ھەرفىدىن كېيىن بىرەر سبب (ھمزە، سكون، تشديد) بولغانلىقتىن ئۇنى ئۆزىنىڭ اصلى مقدارىدىن ئاشۇرۇپ ئوقۇغاننى، دەيدۇ. بۇنىڭغا ئائىت 9 قسمىنى ئۈستۈندە ئوقۇپ بولدىڭىز.

قىلىندى ) ياكى زەبەر بولغانلىقتىن قېلىن ئېلىنىدىغان ‹راء› حرف بولسا ياكى قېلىن ئېلىنىدىغان ‹لام› بولسا ، مثلا: اللّٰهنىڭ ‹لام›نىغا ئوخشاش (بۇ لفظنىڭ ئالدى زەبەر ياكى پەش بولغاندا) ، مۇنداق احوال ئاستىدا الف مۇ قېلىن ئوقۇلىدۇ.

بىلىش لازىمكى، قېلىن ئېلىنىدىغان حرفلەردىمۇ ئوخشىماسلىق[1] بولۇپ، مۇنداق ئوخشىماسلىق كەينىدىن ئورۇن ئالغان ‹الــف›نىڭ قېلىن بولۇشىغىمۇ تــأثير كۆرسىتىدۇ. ھەممىدىن قېلىن ئېلىنىدىغان حرف «اللّٰه» دېگەن «اسم»نىڭ لامىدۇر، ئۇنىڭدىن قالسا، ‹طــاء›، ئۇنىڭدىن قالسا، ‹صاد› و ‹ضاد›. ئۇنىڭدىن قالسا، ‹ظاء›، ئۇنىڭدىن قالسا، ‹قاف›، ئۇنىڭدىن قالسا، ‹غين› و ‹خــاء›، ئۇنىڭدىن قالسا، ‹راء›[2] (حقيقة التجويد صفحه 29).

---

[1] حروف مفخّمەنىڭ ھەممىسى ئون بولدى: يەتتىسى حروف مستعليه بولۇپ، بۇنىڭ تفخيمى اصلى دۇر، ئۈچى: (1) ‹لام› اسم الجلالة، (2) ‹راء›، (3) ‹الــف› بولۇپ، بۇلارنىڭ تفخيمــى عارضىكى، بعضىدە بولىدۇ و بعضىدە بولمايدۇ، شۇنداقلا ئۈچىنىڭ قاعدەلىرى ئۆز مقــامىدا ئۆتتى. حضرت مؤلف قېلىن ئېلىنىدىغان حرفلەردە ئوخشىماسلىقنى بيــان قىلدى، بۇنى «حـــروف مفخّمەدىكى مراتب» دەپ عبارت سۈردى.

قېلىن ئېلىنىدىغان حرفلەرنىڭ ئۆزى مفتوح بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ‹الف› بولغاندا تفخيم كۆرۈنەرلىك حاصل بولىدۇ، مثلا: ‹طَالَ›.

[2] فيها فاذا وقع بعدها (اى الحروف المفخّمة) ‹الف›، فُخِّمَ الالف لانه تابع لما قبلــها بخــلاف اُختيها فانه اذا وقع بعدها ‹واو› و ‹ياء› فلايؤثر تفخيمها فيها الخ.

# ئون ئىككىنچى درس ‹همزه›نىڭ قاعدەلىرى ھەققىدە

بۇنىڭ بعض قاعدەلىرىنى عرب تىلىنى ئوقۇمىغان آدم چۈشىنەلمەيدۇ. شۇڭا ھەر بىر قرآن ساۋاتلىقلارغا ضرور بولغان ئىككى خىل قاعدەنىلا چۈشەندۇرۇپ ئۆتىمەن:

1 - قاعدە: «سۇره حم السجدة»نىڭ 44 - ئايىتىدە ﴿ءَاَعْجَمِىٌّ﴾ دەپ كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىككىنچى ‹همزه›سىنى ئاغزىنە[1] يۇمشاقلىق بىلەن ئوقۇڭلار، بۇ تَسْهِيْل[2] دەپ ئاتىلىدۇ.

2 - قاعدە: «سوره حجرات»نىڭ 11 - ئايىتىدە ﴿بِئْسَ الاسْمُ الْفُسُوْقُ﴾ دەپ كېلىدۇ. بۇنى مۇنداق ئوقۇڭلار: ﴿بِئْسَ﴾نىڭ ‹سين›نى زەبەر ئوقۇپ، ئۇنى كېيىنكى حرفكە قوشماڭلار، ئاندىن ‹سين›نىڭ كەينىدە كەلگەن ‹لام›نى زىر ئوقۇپ، ئۇنى كەينىدىكى ‹سين›غا قوشۇڭلار، ئاندىن ‹ميم›نى كەينىدىكى ‹لام›غا قوشۇڭلار.

---

[1] يعنى ‹الف› و‹همزه›نىڭ ئارىلىقىدا ئورۇنداڭلار. بىر پۈتۈن ‹الف› چىقىرىپ ئورۇندىماڭلار. بۇنداق ئورۇندىغاننى تحقيق دەيدۇ و يەنە ‹الف›دەك بالكل يۇمشاقمۇ ئورۇندىماڭلار.

[2] بۇ تسهيل واجبدۇر. ئالتە كلمه بار: «سوره يونس»دە ئىككى جايدا ﴿ءآلْئٰنَ﴾، بىر جايدا ﴿ءآللّٰهُ﴾، «سوره نمل»دە بىر جايدا ﴿ءآللّٰه﴾كېلىدۇ، «سوره انعام»دا ئىككى جايدا ﴿ءآالذَّكَرَيْنِ﴾ كېلىدۇ. ئىككىنچى ‹همزه›نى ‹الف› ئوقۇغاننىڭ ئورنىدا تسهيلگە چۈشۈرۈپ مد ئورۇندىماي ئوقۇشمۇ جائزدۇر. بۇ ئالتە كلمەدە تسهيل جائز. «قرآن كريم»نىڭ قالغان يەرلىرىدە ‹همزه›نى تحقيق بىلەن ئوقۇش ضروردۇر.

خلاصە شۇ بولىدىكى، ﴿اَلاِسْمُ﴾نىڭ ‹لام›نىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ‹الف› شكلدە يېزىلغان ئىككىسىنى ھەرگىز ئوقۇماڭلار.

## ئون ئۈچىنچى درس ‹وقف›[1] قىلىش، يعنى بعض كلمەدە توختاشقا ئائىت قاعدەلەر ھەققىدە

تجويد فننىڭ اصل مقصدى بولسا، مخارج وصفات ھەققىدە بحث قىلىش بولۇپ، بۇ اللّٰہ تَعَالیٰنىڭ فضل وكرم بىلەن ضرورتكە چۈشلۇق ئۈستۈندە چۈشەندۈرۈلدى.

---

[1] ‹وقف›نىڭ معنىسى توختاش دېگەن بولدى و بۇنىڭ اصطلاحى معنىسى كلمە غير موصولنىڭ ئاخىرىدا نَفَس ئېلىپ توختاش دېگەن بولدى، يعنى بىرىنچى گەپ شۇكى، ‹وقف› كلمەنىڭ ئاخىرىدا بولىدۇ، ئارىلىقتا بولمايدۇ، يعنى ئارىلىقتا توختاش صحيح ئەمەس، مثلا: لفظ ﴿قَالُوْا﴾دا ‹وقف› قىلىش صحيح. لكن «قَا»دا ‹وقف› صحيح ئەمەس. ئىككىنچى گەپ شۇكى، «قرآن كريم»دە بعض جايدا بىرلەشتۈرۈپ يېزىۋاتقان لفظلەر بار، بۇ عرب تىلىنى اعتبارغا ئالغاندا گەرچە ئايرىم ـ ئايرىم لفظ بولسىمۇ، لكن بىرلەشتۈرۈپ يېزىلىپ كەتكەنلىكتىن بىرلا لفظنىڭ حكمدە، مثلاً: ﴿اَيْنَمَا﴾ گەرچە عرب تىلى اعتبارى بىلەن ئىككى لفظ بولسىمۇ بىرى «اَيْنَ» و يەنە بىرى «مَا». لكن بىرلەشتۈرۈپ يېزىلىپ كەتكەنلىكتىن ﴿اَيْنَمَا﴾نىڭ ‹الف›دا ‹وقف› صحيحدۇر. لكن «اَيْنَ»نىڭ ‹نون›دا ‹وقف› صحيح ئەمەس. مۇنداق كلمەلەرنى موصول دېيىلىدۇ.

ئەمدى قىپقالغان علم اوقاف[1]، علم قرائت[2]، علم رسم خط[3]دىن عبارت ئۈچ علم، شۇ تجويد فـــنىنـىڭ خاتمەسى حسابلىنىدۇ. بىز تۆۋەندە علم اوقافنىڭ بىر بحـــثِ[4] ‹وقـــف› قىلىش (توختاش) قاعدەلىرىنى تونۇشتۇرىمىز:

1 ـ قاعدە: معنىٰ بىلمەيدىغانلار «قرآن كـــريم»دىكى توختاش بەلگىلىرى قويۇلغان خاص ئورۇنلاردا توختىشى لازم. ضرورتسىز ئوتتۇرىدا[5] توختىمىغاي. ئەگەر ئوقۇش جريانىدا نَفَس يېتىشمەي، توختاشـقا مجبـۇر بولـۇپ قالغانـدا، نفـس ئېلـۋېلىپ ئالـدىنقى

---

[1] علم اوقاف ئىككى قىسمغا تقسيم تاپىدۇ: بىرى معنى اعتبارى بىلەن نەدە توختايدۇ؟ بۇنىڭ جوابى كېلىۋاتقان بىرىنچى قاعدە دە كېلىدۇ. يەنە بىرى ‹وقف›نى قانداق قىلىدۇ؟ بۇنىڭ جـــوابى ئالدىمىزدىكى 2 ـ ، 3 ـ ، 4 ـ قاعدەدە كېلىدۇ.

[2] علم تجويد وعلم قرائت ئىككىسىنىڭ موضوعى بولسا «قرآن كريم» الفاظدۇر. فرق شۇكى، تجويددە حرفلەرنىڭ مخرج وصفتلىرى و ئۇنىڭ حالتلىرى متفق عليها بىلەن بحـــث بولىدۇ و قراءتدە احوال مختلف فيها بىلەن بحث بولىدۇ، مثلاً: حذف واثبات، تحريك وتسكين، مد وقصر، فتح واماله، تحقيق وتخفيف وهكذا. (شرح سبعه قراءات صفحه 110).

[3] يعنى حضرت عثمان رضي الله عنهنىڭ زمانىسدا «قرآن كريم»نىڭ الفـــاظ وخـــط شـــكل اختيـــار قىلىندى، «قرآن كريم»نى يازدۇرۇپ حضرت عثمان رضي الله عنه ھەممە يەرگە ماگدۇردى، بۇ شكلگە تمـــام صحابەنىڭ اجماعسى بولدى. بۇ خط شكلنىڭ علم و بۇنىڭغا خاص ضوابط و قواعدنى علم رسم خط دېيىلىدۇ. «قرآن كريم»نى مۇشۇ طرزخطنىڭ خلافدا يېزىش جائز ئەمەس. تمـــام علمـــآء امتنىڭ بۇنىڭغا اجماعسى بار. بۇ بىر وسيع فن بولۇپ، بۇنى علم رسم خط دەپ ئاتىلىدۇ.

[4] والبحث الآخر اقسام الوقف من الحسن والقبيح والتام وغيره (جهدالمقل) لم اذكره كالباقين لانها لاتتعلق بالتجويد.

[5] يعنى فاصل (تۇرغۇچ) بەلگىلەرنىڭ ئارىلىقىدا توختىمىغاي. دېمەك، يۇملاق فاصل بار آيتدە توختىغاي و بۇ ‹وقف مُنَزَّل› مۇ دېيىلىدۇ و آيت ئارىلىقىدا كەلگەن ‹م› ياكى ‹ط› ياكى ‹ج› يـــاكى ‹ز› قاتارلىق حرفلەر ‹وقف›نىڭ بەلگىلىرىدۇر. بۇ بەلگىلەر يوق يەردە توختىغان بولسا، ما قبلىسگە يېنىپ ئوقۇپ كەتكەي.

كلمه[1]دىن قوشۇپ ئوقۇپ دوام‌لاشتۇرغاي، شۇنداق توختاشقا مجبور بولۇپ قالغاندا، كلمەنىڭ ئوتتۇرىدا توختىماي، بەلكى كلمەنىڭ تۈگەنچىسىدە توختىغاي و بۇنىڭغىمۇ ئاگاھ بولغايكى، حركتدە «وقف» قىلىش قطع خطاء. كۆپ ساندىكلەر شۇنداق قىلىپ سالىدۇ ﴿اَنَا﴾دە «وقف» قىلماقچى بولسا، «الف»مۇ ئوقۇلىدۇ.

[دىققەت] مذكور قاعدەنىڭ اخيرقى يېرىدىن تۆۋەندىكى لفظلەر مستثنىدۇر: «سورە بقرە»نىڭ 237- ئايىتىدىكى ﴿اَوْ يَعْفُوَا﴾، «سورە مائدە»نىڭ 29 ـ ئايىتىدىكى ﴿اَنْ تَبُوْءَا﴾، «سورە رعد»نىڭ 30 ـ ئايىتىدىكى ﴿لِتَتْلُوَا﴾، «سورە كهف»نىڭ 14 ـ ئايىتىدىكى ﴿لَنْ نَدْعُوَا﴾، «سورە روم»نىڭ 39 ـ ئايىتىدىكى ﴿لِيَرْبُوَا﴾، «سورە محمد»نىڭ 4 ـ ئايىتىدىكى ﴿لِيَبْلُوَا﴾، «سورە محمد»نىڭ 31 ـ ئايىتىدىكى ﴿نَبْلُوَا﴾، «سورە هود»، «سورە فرقان»، «سورە عنكبوت» و «سورە نجم»دىن عبارت تۆت جايدا كېلىدىغان ﴿ثَمُوْدَا﴾، «سورە دهر»نىڭ 16 ـ ئايىتىدىكى ﴿قَوَارِيْرَا﴾ قاتارلىق الفاظدا «الف» هەر قانداق حالتدە ئوقۇلمايدۇ: وصل‌لىك حالتدىمۇ، وقف‌لىك حالتدىمۇ ئوقۇلمايدۇ، «سورە كهف»دە كېلىدىغان ﴿لَكِنَّا﴾. ﴿اَلظُّنُوْنَا﴾، ﴿اَلرَّسُوْلاَ﴾ و

---

[1] بىر پۈتۈن جملەدىن ياكى ئازراق باشقا يېنىپ، ئوقۇش لازم. شۇنىڭ ئۈچۈن قارى هېچ بولمىغاندا ابتدائى عربى وترجمه قرآندىن واقف بولۇشى ناهايتى ضرور.

﴿اَلسَّبِيْلاَ﴾دىن عبارت «سوره احزاب»دىكى بۇ ئۇچى و «سوره دهر»دىكى ﴿سَلاَسِلاَ﴾، بىرىنچى ﴿قَوَارِيْرَا﴾، «قرآن كريم»ده كۆپ ئۇچرايدىغان ﴿اَنَا﴾ قاتارلىق لفظلەرده وصللىك حالتده ‹الف› ئوقۇلمايدۇ، وقفلىك حالتده ‹الف› ئوقۇلىدۇ. لكن خاص ﴿سَلاَسِلاَ﴾ دېگەن لفظنى وقفلىك حالتده ‹الف›سىز ئوقۇغانلىقمۇ مَرْوِىدۇر، يعنى ﴿سَلاَسِلَ﴾ دەپ.

2 ـ قاعده: ‹وقف› قىلىنغان كلمەده ئەگەر ساكن بولسا، بۇھەقته بىرەرگەپ[1] يوق، ئەگەر ئۇ حركتلىك بولسا ‹وقف› قىلىشنىڭ ئۇچ طريقەسى بار:

بىرى ھەممىگە معلوم بولغاندەك ئۇ ساكنقىلىنىدۇ[2].

ئىككىنچى طريقه شۇكى، ئۇنىڭدىكى حركتنى ناھايتى يەڭگىل دەرىجىده اظهار قىلىنىدۇ و بۇ رَوْم دەپ ئاتىلىدۇ. مۆلچىرىمىزده حركتنىڭ ئۇچتىن بىرقسمى اظهار قىلىنسا بولىدۇ و بۇ رَوْم زەبەرده بولماي، خاص زىر و پەش حركتدىلا بولىدۇ، مثلاً: «بِسْمِ

---

[1] يعنى بۇ ساكن وقفلىك حالتدىمۇ ساكن ئوقۇلىدۇ. امّا ‹وقف›نىڭ اثرى نَفَس ئېلىۋېلىش بىلەن بولىدۇ، مثلا: ﴿فَارْغَبْ﴾ ﴿وَانْحَرْ﴾ ﴿فَحَدِّثْ﴾ ﴿مِنْهُمْ لَهُمْ﴾ و باشقىلار.

[2] ‹وقف›ده اصل وعام طريقه شۇكى، ابتداء بالسكون بىلەن ‹وقف› بولمىغاندەك حركت بىلەنمۇ ‹وقف› بولمايدۇ، حركة كاملەده ‹وقف› صحيح بولمايدىغانلىقى ئۈستۈنده معلوم بولۇپ بولغان. ئەمدى ‹وقف› بالسكونغا ئائىت بعض علمآءنىڭ رأى شۇكى، بۇ واجب شرعى بولۇپ، بۇنى قىلىشتا ثواب وترك ئېتىشته عتاب بولىدۇ وبعض علمآءلار بۇ خاص فنى اصطلاح دەيدۇ.

قارى ئۇچۈن ئۇنى ترك ئېتىپ حركة كاملەده ‹وقف› قىلىش ئىنتايىن قبيح وتعزيرگه لايىق (نهاية القول المفيد صفحه 205).

اللهِ»نىڭ تۈگەنچىسىدىكى مىيمدا بەك ئازغىنە زىر حركت چىقىرىلىپ، بۇنى يىنىدا تۇرغان ادم ئارانلا ئاڭلىيالايدۇ ﴿نَسْتَعِيْنُ﴾نىڭ ‹نون›دىمۇ شۇنىڭدەك ئازغىنە[①] پەش حركت چىقرىلىدۇ و﴿رَبُّ الْعَالَمِيْنَ﴾نىڭ ‹نون›دا زەبەر حركت بولغانلىقتىن ‹وقف›دە ئۇنداق رَوْم قىلىنمايدۇ.

ئۈچىنچى طريقە شۇكى، حركتگە خاصلەۋ بىلەنلا اشارت قىلىنىدۇ، يعنى حركت مطلق[②] ئوقۇلماستىن، بەلكى حركتنى لەۋ بىلەن اظهار قىلىپ، شۇ حركت قويۇلغان حرفنى ساكن قىلىپ ئوقۇلىدۇ، بۇنى اِشْمام (پۈرۈتۈش) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنى يىنىدا تۇرغان ادمۇ ئاڭلىيالمايدۇ. چۈنكى بۇنىڭدا حركت تىل بىلەن ئورۇندالمىدى.

امّا اشمام بىلەن ئوقۇغاننى كۆرۈپ تۇرغۇچى ئوقۇغۇچىنىڭ لەۋلىرىگە قاراپ تونۇۋالىدۇ واشمام خاص پەش حركتدىلا بولۇپ، زەبەر و زىر حركتدە بولمايدۇ، مثلاً : ﴿نَسْتَعِيْنُ﴾نىڭ ‹نون›دىكى پەش حركتنى وقف بالاشمام بىلەن ئوقۇماقچى بولسا، ‹نون›نى

---

① ئازغىنە زىر ياكى ئازغىنە پەش حركت چىقىرىپ ئوقۇش دېگەننىڭ معنىسى شۇكى، حركت ئورۇندايدىغاندا پەس ئاۋاز چىقارغاي، دېگەن بولدى. صحيح و ساغلام ئورۇنداش ئۈچۈن هەر دائم مشق قىلىپ تۇرىدىغان ماهر اُستاذدىن ئاڭلاش توغرا كېلىدۇ.

② يعنى حرف موقوف عليه (كلمەنىڭ ‹وقف› قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئاخىرىقى حرفى) ساكن قىلىنىپراق، دەرهال انضمام شفتين بىلەن ضمه طرفكە اشارە قىلغاي.

هەرگىز ساكن ئوقۇماي، بەلكى ‹نون›نىڭ حركتنى ئورۇنداىدىغاندا خۇددى پەش ئوقۇغاندەك لەۋلىرىنى ئازغىنە قورۇپ ئۇچلاپ ئورۇندايدۇ.

3 ـ قاعدە: ئەگەر وقف قىلىدىغان كلمەنىڭ اخىرىدا تنوين بولسا، ئۇ يەردىمۇ رَوْم جائز. لكن حركتنى اظهار قىلىدىغاندا تنويننىڭ ھېچبىر①يېرى اظهار قىلىنمىغاي (تعليم الوقف حضرت قارى عبدالله مكى).

4 ـ قاعدە: ئەگەر ‹ه› شكلدە يۇملاق يېزىلغان② ئىككى چېكىتلىك ‹ة›دا وقف قىلىش توغرا كەلسە، ئىككى خىل ئىشقا ئاگاھ بولغاي: بىرى بۇنى ‹ه› ئورنىدا ئوقۇغاي، يەنە بىرى ئۇيەردە رَوْم و اشمام قىلمىغاي (تعليم الوقف).

5 ـ قاعدە: رَوْم واشمام حركت عارضىدە بولمايدۇ، مثلاً: ﴿وَلَقَدِ اسْتُهْزِئَ﴾ دېگەن آيت كريمەدە بىرسى ﴿لَقَدْ﴾دە ‹وقف› قىلماقچى③ بولسا، ‹دال›نى سكون ئوقۇپ، ئۇنىڭ زىرىدا رَوْم

① يعنى پەس ئاۋازدا بىر پەش ياكى بىر زىر ئوقۇلسا بولىدۇ، مثلاً: اَحَدٌ، مِنْ.

② ‹ه› شكلدە يېزىلغان يۇملاق تاء بولسا، ئۇنى تاء مُدَوَّرە دەپ ئاتىلىدۇ و ئۇزۇنچاق تاء بولسا، ئۇنى تاء مجرورە ياكى تاء طويلە دەپ ئاتىلىدۇ. اوّلقىسىنىڭ مثالى ﴿اَلْجَنَّةُ﴾ ﴿اَلْمَلاَئِكَةُ﴾ ﴿الْقِبْلَةُ﴾ ﴿اَلْبَرِيَّةُ﴾ و باشقىلار. ئىككىنچىسىنىڭ مثالى ﴿وَاذْكُرُوْا نِعْمَتَ اللهِ﴾ ﴿إِلٰى اٰثَارِ رَحْمَتِ اللهِ﴾ ﴿اِمْرَأَتُ الْعَزِيْزِ﴾ و باشقىلار. بۇ ئىككىنچى قىسمىنىڭ ‹تاء›سى ‹وقف›دە ‹تاء›لا ئوقۇلىدۇ، روم و اشمام بولالايدۇ، بىرىنچى قسمدە ‹هاء ساكنه›گە ئالمىشىپلا ‹وقف› قىلىنىدۇ.

③ شۇنىڭدەك ﴿وَاَنْتُمُ الاَعْلَوْنَ﴾نىڭ ‹ميم›دا روم ياكى اشمام بولمايدۇ. چۈنكى ‹ميم› اصلىدە ساكن وضمە عارضىدۇر، بۇ خاص ‹وقف› بالاسكانلا بولىدۇ.

قىلماسلىقى لازم. چۈنكى ‹دال›نىڭ حەركىتى عارضى (اصلى ئەمەس)دۇر (تعليم الوقف) و بۇنى عربتىلىنى ئوقۇغانلار بىلەلەيدۇ، سىلەر قانداق بىر يەردە گۇمانلانساڭلار، بىرەر عالمغا مراجعت قىلىڭلار.

6 ـ قاعدە: ئەگەر ‹وقف› قىلىدىغان كلمەنىڭ اخيرقى حرفى تشديدلىك بولسا، رَوْم واشمام قىلغاندا تشديد[1] ئۆز حالىتدە تۇرىدۇ (تعليم الوقف).

7 ـ قاعدە: ئەگەر ‹وقف› قىلىنىدىغان كلمەنىڭ اخيرقى حرفدە زەبەرلىك تنوين بولسا، ئۇ تنوين[2]نى وقفلىك حالىتدە الفغا ئالماشتۇرۇۋېتىلىدۇ، مثلاً: ﴿فَاِنْ كُنَّ نِسَآءً﴾دە وقف قىلغاندا ﴿نِسَآءَا﴾.

---

[1] غنّە بولمايدىغان (غير نون وميم) تشديدلىك حرفنى ‹وقف› قىلغاندا سرعت بىلەن ئورۇندىلىدۇ، مثلا: ﴿وَتَبَّ﴾ ﴿بِالْحَقِّ﴾ ﴿اَلْمَفَرُّ﴾ ﴿فَطَلٌّ﴾ ﴿صَوَآفَّ﴾ و باشقىلار. و غنەلىكى بار تشديدلىك حرف بولسا، غنە بولغانلىقتىن ئۇنىڭدا تراخى يۈرگۈزىلىدۇ، مثل: ﴿مِنْ بَعْدِ الْغَمِّ﴾، ﴿وَلاَجَآنٌّ﴾ و باشقىلار. شۇنىڭدەك تشديدلىك ‹واو› و تشديدلىك ‹ياء› موقوف عليه بولۇپ قالسا، وقفلىك حالىتدە تشديدلىك ئورۇنداپ ئۇنى مدلىك ئورۇندىماسلىقنى ئېسىدە چىڭ تۇتقاي، مثلاً: ﴿عَدُوٌّ﴾، ﴿مِنْ نَبِيٍّ﴾ (نهايةالقول المفيد).

[2] قوش زەبەرلىك تنويندە هەرقانداق جايدا مۇشۇ قاعدە جارى بولىدۇ، مثلا: ﴿اَفْوَاجًا﴾ ﴿عَلِيْمًا﴾ ﴿جُزْءًا﴾ ﴿سَوَآءً﴾ و باشقىلار. امّا بۇ اصولدىن تاء مُدَوَّرَە ، يعنى يۇملاق تاء «ة» مستثنىٰ بولۇپ، بۇنى هەر قانداق صورتدە هاء ساكنەگە ئالماشتۇرۇۋېتىلىدۇ، مثلاً:﴿حَسَنَةً﴾ و ﴿رَحْمَةً﴾ و ﴿مَوْعِظَةً﴾ و باشقىلار.

8 ـ قاعده: ئەگەر مد وقفى (11 ـ درس‌نىڭ 6 ـ قاعـــدەسىدە بيان قىلىنغان)نى رَوْم بىلەن وقف قىلماقچى بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ يەردە مد بولمايدۇ، مثلاً: ﴿الرَّحِيْمِ﴾ ياكى ﴿نَسْتَعِيْنُ﴾دا ئەگەر زىر ياكى پەشنىڭ ئازغىنە بىر قسمىنى اظهار قىلسا، مد[1] قىلىنمايدۇ (تعليم الوقف).

## ئون تۆتىنچى درس بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ضرور فائدەلەرنىڭ بيانى

تۆۋەندىكى فائدەلارنىڭ ئىچىدىن بعضىسى ئۈستۈندە معلـــوم بولۇپ بولغان بولسمۇ، فائدە تېخىمۇ مول بولسۇن ئۈچۈن يەنە بىر قانچىلىغان فائدەنى ئالاهىدە كۆرستىمىز، بۇنى تكرار بولۇپ قاپتۇ دېمىگەيسىلەر.

1 ـ فائدە: «سورە كهف»نىڭ 38 ـ ئايىتىدە ﴿لٰكِنَّا هُوَ اللهُ﴾ دەپ بار، بۇ ﴿لٰكِنَّا﴾دا ‹الف› يېزىلغان بولسمۇ، لكن بۇ الـــف

---

[1] يعنى مد عارض وقفى‌نىڭ اصول‌دىن بۇنىڭدا ئەمدى طول ياكى توسُّـط قىلىش صـــحيح ئەمەس، بەلكى وصل‌غا ئوخشاش خاص قصر قىلىنىدۇ. چۈنكى مـــدگە ســـكون ســـبب بولىدۇ ورَوْم‌نىڭ وجەدىن ئۇ قالمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن مدمۇ بولمايدۇ. حاصل شۇكى، روم حركـــتكە داخل‌دۇر واشمام سكون‌غا داخل‌دۇر.

ئوقۇلمايدۇ. اَمّا بۇنىڭدا ‹وقف› قىلماقچى بولسا، ئۇ چاغدا ‹الــف› ئوقۇلىدۇ.

2 ـ فائدە: «سورە دهر»نىڭ 4 ـ ئايىتىدە ﴿سَلاَسِــلاَ﴾ دەپ بار، يەنى ئىككىنچى ‹لام›دىن كېيىنمۇ الف يېزىلغان بولسىمۇ، لكن بۇ ‹الف›مۇ ئوقۇلمايدۇ.

اَمّا وقفلىك حالتدە ‹الف› ئوقۇش، ئوقۇماسلىق ئىككىلىسى دۇرۇس و بىرىنچى ‹لام›دىن كېيىن يېزىلغان ‹الف› [1] ھەرھالدا [2] ئوقۇلىدۇ.

3 ـ فائدە: مۇشۇ «ســورە دهــر»نىڭ 15 ـ ، 16 ـ ئايىتىدە ﴿قَوَارِيْرَا ○ قَوَارِيْرَا﴾ دەپ ئىككى قېتىم كېلىدۇ و ئىككىلىسىنىڭ اخيرىدا ‹الف› يېزىلغان. بۇنىڭ قاعــدەسى شۇكى، ئىككىنچى ﴿قواريرا﴾دا ھەر قانداق حالــتدە ‹الــف› ئوقۇلمايدۇ، ‹وقــف› بولسۇن، بولمىسۇن و بىرىنچى ﴿قواريرا﴾دا ئەگەر ‹وقف› قىلسا، ‹الف› ئوقۇلىدۇ ووقف قىلمىسا، ‹الف› ئوقۇلمايدۇ: «قرآن كريم»دە بىر جايدا اِمَالَه بار، يەنى «ســورە ھــود»نىڭ 41 ـ ئايىتىدىكى

---

[1] «قرآن كريم»نىڭ رسم خطدە بىرىنچى ‹لام›دىن كېيىن ‹الف› يېزىلمىدى، بەلكى ئۇنىڭغا تىلك زەبەر يېزىلغان. گويا ئۇلاپ يېزىلغاندەك ئىدى، خۇددى مۇنىڭدەك: ﴿سَلاَسِــلاَ﴾ موصــول حالتدە.

[2] چۈنكى بۇ كلمەنىڭ ئاۋىلقىدا كەلدى و ئاۋىلقتا كەلگەن حرفتە وقف صحيح بولمايدۇ.

﴿**بِسْمِ اللّٰهِ مَجْرٖيها**﴾دا اماله بار (بۇ 8 ـ درس‌نىڭ 4 ـ قاعدەسىدە بيان قىلىنغان).

5 ـ فائدە: «سورە حم السجدە» دە بىر جايدا تَسْهِيْل بار ﴿**ءَاَعْجَمِىٌّ**﴾ (بۇ 12 ـ درس‌نىڭ 1 ـ قاعدەسىدە ئۆتتى، شۇ يەرگە قاراڭ).

6 ـ فائدە: «سورە حجرات»دىكى ﴿**بِئْسَ الاسْمُ**﴾دىكى ﴿**اَلاِسْمُ**﴾نىڭ ھمزەسى ئوقۇلمايدۇ، بەلكى بۇنىڭ ‹لامى› ئۇنىڭ ‹سين›غا قوشۇۋېتىلىدۇ (بۇ 12 ـ درس‌نىڭ 2 ـ قاعدەسىدە بيان قىلىندى).

7 ـ فائدە: ﴿**لَئِنْ بَسَطْتَّ**﴾ و ﴿**اَحَطْتُّ**﴾ و ﴿**مَا فَرَّطْتُّمْ**﴾و﴿**مَا فَرَّطْتُّ**﴾ قاتارلىقلاردا ادغام پۈتۈن بولمايدۇ، يعنى ‹طاء›نى ‹تاء›غا تشديدلىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، ‹طاء› ئۆزىنىڭ استعلاء و اطباق صفت بىلەن قلقلەسىز توشقۇزۇپ ئورۇندىلىپ ‹تاء› ئىنچىكە ئورۇندالغاي و ﴿**اَلَمْ نَخْلُقْكُّمْ**﴾دا تولۇق ادغام قىلىش افضل[1]، يعنى ‹قاف›نى مطلق ئوقۇماي، بەلكى ‹قاف›نى ‹كاف›قا ئالماشتۇرۇپ ئىككىسى تشديدلىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇلغاي[2].

---

[1] ويجوز الناقص ايضا وهو ان يبقىٰ بعض صفات المدغم.

[2] بۇ ادغام تام دېيىلىدۇ، ادغام ناقص بويىچە ﴿**بَسَطْتَّ**﴾ و باشقىلاردەك ئورۇنداشمۇ جائز، يعنى ‹قاف› قلقلەسىز ‹قاف›لا ئوقۇلۇپ، ‹كاف› ئىنچىكە ئورۇندالغاي.

8 ـ فائده: ﴿ن وَالْقَلَمِ﴾ و ﴿يٰس وَالْقُرْاٰنِ الْحَكِيْمِ﴾ قاتارلىقلاردىكى ‹ن› و ‹س›دىن كېيىن ‹و› كەلگەن بولۇپ، بۇ ئىككىسى «يَرْمَلُوْنَ»نىڭ قاعدەسىگە ئاساسەن (بۇ ئۇنىنچى درسنىڭ 3 ـ قاعدە سىدە بيان قىلىنغان)، شۇ ‹و›غا ادغام بولۇش لازم ئىدى. لكن بۇ يەردە ادغام قىلىنمايدۇ[1].

9 ـ فائدە: «سورە يوسف»نىڭ 11 ـ ئايىتىدە كەلگەن ﴿لاتَأْمَنَّا﴾نىڭ «ن»دا اشمام[2] قىلىڭلار.

10 ـ فائدە: «قرآن كريم»نىڭ بعض يەرلىرىدە ‹سَكْتَه› دېگەن عبارت يېزىلىپ قالىدۇ. بۇنىڭ مقصدى بۇيەردە ئازغىنە توختاڭلار، لكن نَفَسنى ئۈزمەڭلار، دېگەننى كۆرسىتىدۇ، قالغانلىرى ‹وقف› بىلەن جارى بولۇۋېرىدۇ (‹وقف›نفس ئۈزۈش بىلەن بولىدۇ)، مثلاً: «سورە قيامە»دە ﴿مَنْ سكته راقٍ﴾ دەپ كېلىدۇ.

«يَرْمَلُوْنَ»گە ئاساسەن ﴿مَنْ﴾نىڭ ‹نون›ى ‹راء›غا ادغام بولۇش لازم ئىدى، لكن بۇ يەردە ادغام بولمىدى. چۈنكى ‹سكتە›نى ‹وقف›نىڭ ئورنىدا ئولتۇرىدۇ، دەپ بىلگەندە گويا ‹نون› و ‹راء›دا تۇتاشلىق بولمىغاندەك بولىدۇ، شۇڭا ادغام بولمايدۇ.

---

[1] عند حفص.

[2] اختياره لانه سهل على الاطفال ويجوز الرَّوْمُ ايضا لاتأمننا ولا يجوز الادغام المحض.

شۇنىڭدەك «سورە كهف»دە ﴿عِوَجًا ﴾ سكته ﴿قَيِّمًــا﴾ دەپ كېلىدۇ.
ئەگەر ﴿عِوَجًا﴾دە «وقف» قىلماي ئۇزىدىن كېيىنكى ﴿قَيِّمًــا﴾گە بىرلەشتۇرۇپ ئۇلاپ ئوقۇسا، اخفـــاء چىقىرىلماستىن، بەلكى زەبەرلىك تنويننى الفغا ئالماشتۇرۇپ **سكته** قىلىنىدۇ.

پۈتۈن «قرآن كريم»دە حفصنىڭ روايتگە بِنَاءً تۆتلا **ســكته** بار: بىرى «سورە قيامە»دە، ئىككىنچىسى «ســورە كهــف»دە، ئۈچىنچىسى «سورە يٰس»دىكى ﴿مِنْ مَرْقَــدِنَا سكته هـــذا﴾دىكى ﴿مَرْقَدِنَا﴾نىڭ «الف»نى ﴿هذا﴾غا ئۇلاپ ئوقۇغاندا و تۆتىنچىسى «سورە مُطَفِّفِيْنَ»دىكى ﴿كَــلاَّ بَـــلْ سكته﴾نىڭ ساكنلىق لامىدا، بۇنىڭدىن باشقا سورەلەردە ھېچبىر يەردە يوق.

11 - فائدە: «قرآن كريم»نىڭ قانداقلا يېرىدە پەش كەلسە، ئۇنى «واو معروف»قا مايىل قىلىپراق ئوقۇڭلار. ئەگەر زىر كەلسە، ئۇنى «ياء معروف»قا مايىل قىلىپراق ئوقۇڭلار.

12 - فائدە: ئەگەر تشديدلىك «واو» ياكى تشديدلىك «يــاء»دا «وقف» قىلماقچى بولسا، تشديدلىك حالتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئازغىنە قاتتىقلىق يۈرگۈزۈپ تشديدنى سوزۇش لازىم، مثلاً: ﴿عَدُوٌّ﴾ و ﴿عَلَى النَّبِيِّ﴾.

13 - فائدە: «سورە يوسف»دە ﴿وَ لَيَكُوْنًا مِّنَ الـــصَّاغِرِيْنَ﴾ و «ســورە علــق»دە ﴿لَنَــسْفَعًا بِالنَّاصِــيَةِ﴾ دەپ كېلىدۇ. ئەگەر

﴿وَلَيَكُوْنًا﴾ ﴿وَلَنسْفَعًا﴾دە ‹وقف› قىلماقچى بولسا، ‹الف› بىلەن ئوقۇيدۇ، يەنى تنوين[1] ئوقۇمايدۇ.

14 - فائدە: «قرآن كريم»دە ‹صاد› بىلەن تۆت خىل لفظى يېزىلىپ كېلىدۇ، بۇ ‹صاد›نىڭ ئۈستىگە كىچىككىنە ‹س›مۇ يېزىلىپ قالىدۇ، بۇنىڭ قاعدەسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار: بىرى «سورە بقرە»دە ﴿يَقْبِضُ وَ يَبْصُطُ﴾، ئىككىنچىسى «سورە اعراف»دا ﴿فِى الْخَلْقِ بَصْطَةً﴾، بۇ ئىككى جايدا ‹س› ئوقۇڭلار، ئۈچىنچىسى «سورە طور»دا ﴿اَمْ هُمُ الْمُصَيطِرُوْنَ﴾ بۇنىڭدا خالىساڭلار ‹س› ئوقۇڭلار، خالىساڭلار ‹صاد› ئوقۇڭلار، تۆتىنچىسى «سورە غاشيە»دە ﴿بِمُصَيْطِرٍ﴾ بۇنىڭدا ‹صاد› ئوقۇڭلار.

15 - : «قرآن كريم»دە بىرقانچە جايدا ﴿لا﴾ يېزىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئاگاھ بولۇڭكى، بۇنى ئوقۇشتا ‹لَ› ئوقۇيسىز: بىرى «سورە اٰل عمران»دا ﴿لاَ اِلَى اللهِ تُحْشَرُوْنَ﴾، ئىككىنچىسى «سورە توبە»دە ﴿وَ لاَ اَوْضَعُوْا﴾، ئۈچىنچىسى «سورە نمل»دە ﴿اَوْ لاَ اَذْبَحَنَّهُ﴾، تۆتىنچىسى «سورە صٰفّات»دا ﴿لاَ اِلَى الْجَحِيْمِ﴾، بەشىنچىسى «سورە حشر»دە ﴿اَ اَنْتُمْ اَشَدُّ﴾، شۇنىڭدەك «سورە اٰل عمران»نىڭ 144 - ئايىتىدا ﴿اَفَائِنْ﴾دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، ئوقۇلۇشتا ﴿اَفَئِنْ﴾ دەپ ئوقۇلىدۇ. بىر قىسم

[1] وان كان خلاف القياس لانها نونٌ خفيفةٌ، لكن الوقف يكون تابعًا للرّسم.

جايلاردا ﴿مَلاَئِهِ﴾ دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، ئوقۇلۇشتا ﴿مَلَئِهِ﴾ دەپ ئوقۇلىدۇ، «سورە كەهف»نىڭ 23 - ئايىتىدە ﴿لِشَاىْءٍ﴾ دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، ئوقۇلۇشتا ﴿لِشَيْءٍ﴾ دەپ ئوقۇلىدۇ، بعض جايدا ﴿نَبَائِ﴾ دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، ئوقۇلۇشتا ﴿نَبَئِ﴾ دەپ ئوقۇلىدۇ.

**[دىققەت]** مذكور فائدەلەرنىڭ كۆپىنچىلىرىدە اختلاف يوق، ئاز ساندىكىلىرىدە اختلاف بار. مسلمانلار «قرآن كريم»نى حضرت امام حفص[1]نىڭ روايىتىگە ماسلاشتۇرۇپ ئوقۇغاي دېگەننى كۆزلەپ، مەن بۇ تجويدنى امام حفصنىڭ قاعدەلىرىگە بىنائەن تۈزۈپ چىقتىم. بۇ ذات تجويد علمنى امام عاصم[2]

---

[1] ابو عمروحفص بن سليمان بن مغيره اَسَدى كوفى بزّاز (ئىككى زاء بىلەن) سنة ھ 90دا دنياغا كېلىپ، سنة ھ 180دە عالەمدىن يانغان، بۇ ذاتنىڭ ئاتىسى وفات بولغاندىن كېيىن ئانىسى حضرت امام عاصم رحمه اللّٰەنىڭ نكاحىغا چۈشكەن. شۇڭا بۇ ذاتنى حضرت امام عاصم تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن. ابن معين ئېيتىدۇ: حفص عاصمنىڭ قرائتىگە اعلم الناس ئىدى، يعنى حفص عاصمنىڭ قرائتىنىڭ صحيحلىرىنى روايت قىلغان.

علاّمه ذهبى ئېيتىدۇ: حفص قرائتدە ثقه، ضابط و ثَبْت بولۇپ، بۇ ذات امام عاصمدىن «قرآن كريم»نى بىر قانچە قېتىم ئوقۇغان. بۇ ذات حضرت امام ابوحنيفە بىلەن بىرگە تجارت قىلاتتى.

[2] ابو بكر عاصم ابن ابى النَّجُود (ئاتىسىنىڭ اسمى) و ابن بهدله (ئانىسىنىڭ اسم) اسدى كوفى. بۇ ذات شيخ القرّاء امام ابو عبد الرحمن عبد الله بن حبيب بن ربيعه سَلَمى و شيخ القرّاء امام ابومريم زرّ بن حُبَيْش بن حبّاشة بن اوس اَسَدِى و شيخ القرّاء ابوعمر سعد بن الياس شيبانى كوفيينَ قاتارلىقلاردىن قرآننى حاصل قىلغان، بۇ ئۈچىيلەن كبار تابعين دىن بولۇپ، بۇلار حضرت عثمانرضي الله عنه ،حضرت علىرضي الله عنه، حضرت عبد الله بن مسعودرضي الله عنه، حضرت اُبىرضي الله عنه و حضرت زيد بن ثابترضي الله عنه قاتارلىق صحابەلارنىڭ بواسطه شاگرتلىرى ئىدى، بۇ ذات ئۆزىمۇ تابعى ئىدى و حضرت حارث بن حَسّان و باشقا صحابه كراملاردىن فيض و بركت حاصل قىلغان.

تابعی‌دىن ئالغان و امام عاصم زِرّ بن حُبَيْش اسدی① و عبدالله بـــن حبیب سَلَمَی②دىن ئالغان، بۇ ئىككىيلەن حـــضرت عثمـــان رضی الله عنه ،

---

حضرت امام احمد بن حنبل ئېيتىدۇ: عاصم صاحب قراءت و حمّاد صاحب فقه ئىدى، مەن عاصم‌نى زیاده یاقتۇرىمەن. حضرت عجلی ئېيتىدۇ: عاصم صاحب سنّت و قراءت، ثقه و رئیس القرّاء ئىدى. ابو اسحق سبیعی تولىمۇ دەيتتى: مەن عاصـــم‌دىن ياخشىراق قـــارى‌نى كۆرمىدىم، قرآن‌غا عاصم‌دىن زیاده عالم یوق. امام ابو عبد الرحمن‌دىن كېيىن كوفەنىڭ قرائت رياست‌چىلىكى مۇشۇ ذات‌غا باغلانغان، بۇ ذات فصاحت، بلاغت، ضبط، اتقان، تجوید و تحریرده جـــامع ئىدى، طریقه اداء و لهجەده عجایب و غرائب ئىدى. خوش الحان‌دا بی نظیر ئىدى هەم عابـــد و كـــثیر الصلوة ئىدى، بۇ ذات سنه هـ 127 ـ دا كوفەدە وفات بولغانىدى. حضرت حفـــص‌دىن باشقا بۇ ذات‌نىڭ قرائت راوی‌لىرىنىڭ ئىچىدە عظيم الشأن ائمّه و علماءلار بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مُفَضَّل، حمّاد و حضرت امام ابوحنیفه قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى.

① زِرّ (بالكسر وتشديد راء) بن حُبَيْش اَسَـــدی ، ابـــو مـــريم كنيـــتىدۇر، بۇ ذات ئۇلۇغ مُخَضْرَمِی ئىدى (بۇ ذات جاهلیت و اسلام ئىككىلىسىنىڭ زمانىنى تاپقان). لكن اسلام‌غا رســـول الله ﷺ نىڭ وفات‌دىن كېيىن مشرّف بولغان. شۇڭا بۇ ذات‌قا اكابر صحابەنىڭ صحبت‌دىن چوڭ استفاده نصیب بولغان و بۇ ذات‌نىڭ فيضى ئۇ ذات‌نى جليل القدر تابعی سېپىگە قوشقان. علامـــه نَوَوی ئېيتىدۇ: زِرّ اكابر تابعين‌دىن بولغان بولۇپ، بۇ ذات‌نىڭ توثيـــق وجلالـــت‌ده هەممىلەر بالاتفاق، بۇ ذات امتيازلىق قرّاء و علماءلاردىن ئىدى، حدیث دا علامه ذَهَبی ئۇ ذاتنى اَئِمَّه حفَّـــاظ قاتارىدىن دەپ يازىدۇ. بۇ ذات‌نىڭ صحابەلار ئىچىدىكى مشايخ‌لىرى حضرت عمـــر فـــاروق رضی الله عنه، حضرت عثمان رضی الله عنه، حضرت علی رضی الله عنه، حضرت ابوذرغفاری رضی الله عنه، حضرت عبد الله بن مسعود رضی الله عنه، حضرت عبد الرحمن بن عوف رضی الله عنه، حضرت عباس بن عبد المطلب رضی الله عنه و حضرت ابی بن كعب رضی الله عنه قاتارلىقلار ئىدى. بۇ ذات‌نىڭ تالانتلىق شاگىرتلىرىنىڭ ئىچىدە ابراهيم نخعی، عاصم بن ابی النجود، منهال بن عَمْرو، عيسى بن عاصم ، عدی بن ثابت، امام شعبی و ابو اسحق شـــيبانی و بۇلاردىن باشقا يەنە مشهور ذاتلار بار ئىدى.

زِرّ بن حبیش ئۇزۇن ئۆمۈركۆرگەن بولۇپ، باختلاف روايت سنه هـ81 دا وفات بولغان، 122 ياش ئۆمۈركۆرگەن.

② ابو عبد الرحمن عبد الله بن حبیب سَلَمَی: بۇ ذات كوفەنىڭ تالانتلىق قـــارى‌لىرى قاتارىدا سانىلاتتى و حيوٰتِنىڭ خاص موضوعی كتاب الله لا ئىدى، فن قرائت‌ده حضرت علی كـــرم الله وجهَه و ئۆزىنىڭ ئاتىسىدىن كمال حاصل قىلغان،كۆزى ئەما ئىدى.

حضرت علیﷺ، حضرت زیدبن ثابتﷺ، حضرت عبدالله بن مسعود ﷺ و حضرت ابی بن کعب ﷺ قاتارلق ئۇلۇغ صحابەلاردىن ئالغان بولۇپ، بۇلار «قرآن کریم» تجویدنی جناب رسول الله ﷺدىن حاصل قىلغان.

---

حافظ ذهبیىنىڭ تصریح قىلىشچە: بۇذات حضرت علی کرم الله وجهَەدىن باشقا يەنە حضرت عثمانﷺ و عبدالله بن مسعودﷺ قاتارلىقلاردىنمۇ تعليم حاصل قىلغان (تذکرةالحفّاظ) هەردائم قرانلا ئۆگىتەتتى، لكن ئۇنىڭغا هېچقانداق حق ئالمايتى.

عمرو بن حُریثنىڭ ئوغلىنى ئۇذات فن قرائتدە بىر پۈتۈن يېتىشتۈرگەندىن كېيىن، عمروبن حريث ئۇذاتنىڭ خدمتى ئۈچۈن ئېسىل جابدۇلغان بىر تۆگە هدیە قىلىپتى، ئۇذات بۇ هدیەنى قبول قىلمىدى و دېدىكى، بىز کتاب اللّٰهغا حق ئالمايمىز (ابن سعد). مسجددە قىرىق يىل قران كريم درسدە بولدى. و بۇ ذاتدىن كېيىن بۇ مَسْنَدِ قرائت امام عاصمغا يۆتكەلدى (تهذيب)، حديثنىڭ حافظى ئىدى.

بۇ ذاتنىڭ مشايخلىرى: حضرت عمر ﷺ، حضرت عثمان ﷺ، حضرت علی ﷺ، حضرت سعد بن ابی وقاص ﷺ، حضرت خالد بن ولید ﷺ ،حضرت عبد الله بن مسعود ﷺ ، حضرت حذيفه ﷺ، حضرت ابو موسی اشعریﷺ، حضرت ابو الدردآء ﷺ و حضرت ابو هريره ﷺ ئىدى. بۇذاتنىڭ تالانتلىق شاگىرتلىرى: حضرت ابراهيم نخعی، حضرت علقمه، حضرت سعد بن عبيده، حضرت ابو اسحاق، حضرت سعد بن جبير، حضرت عطاء بن ثابت و حضرت امام عاصم رحمهم الله قاتارلىقلار ئىدى. بۇ ذات عبد الملكنىڭ خلافت سنەھ 73 كوفەدە وفات بولغان.

علاّمه عبد العظيم زرقانی يازىدۇ: ابن حبيب سَلَمَی حضرت علیﷺنىڭ يۇرەك پارىلىرى بولغان حضرت حَسَن ﷺ و حضرت حسين ﷺنىڭ جليل القدر استاذی بولغان (مَنَاهِلُ العِرفان).

## خاتمه

ئاي نۇرىمۇ ئون تۆتىنچى كېچىدە پۈتۈن تولغاندەك، بۇيەردىمۇ ئون تۆتىنچى درس‌نىڭ تۈگەنچىسىدە عمومى مضمون پۈتۈنلەشتى، شۇڭا مۇشۇ يەرگە يەتكەندە رسالەمنى تاملىدىم.

ئى پەرۋەردىگارىم! بۇ ئەجرەمنى مقبـــول و منفعـــت‌لىك قىلغايسەن.

علم طلب قىلغۇچىلار و قُدّوسى[1]لار مېنىڭ ھەققىمدە خالصانە دعاء قىلىپ قويۇشۇڭلارنى طلب قىلىمەن.

مؤلف: اشرف على تھانوى عفى عنه 5 ـ صفر 1333 سنه

---

[1] برّ صغيردىكى سلسله چشتيه صابريەنىڭ مشهور طريقت شيخى حضرت مولانا شيخ عبد القدّوس گنگوهى (متوفى23 جمادى الآخره سنهھ 944، سنه م 1537 )نىڭ اولادى و احفـــادلىرىنى قدّوسى دېيىلىدۇ، بعض ئۇلۇغلارنىڭ طلب قىلىشى بىلەن ئۇلارغا حضرت مؤلِّف تجويـــد ھەققىدە بۇرسالەنى تۈزۈپ بەرگەن. «قُدُّوسِى»لاردىن شۇ حضرت‌لەر مراددۇر.
(محشى اظهار احمد تھانوى دىن).

# ئىزاھات

## «ئاخىرى»نىڭ داۋامىدىكى بىر قىسىم مۇھىم مەسىلىلەر:

**حرف ‹ضاد›**: بۇ حـــرف تىلىنىڭ يېنى بىلەن ئورۇندىلىدۇ. عرب تىلىدىن باشقا تىللاردا بۇ حرف يوق. بۇ حرفنىڭ مخرجـــى معلوم، صفات لازمەسى مشهور. لكـــن بۇنى ئورۇنداشتا تجويـــد محقّقلىرى ئىچىدە قاتتىق اخـــتلاف بار. عـــوام‌لار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق اختلاف يوق.

حقيقت شۇكى، بۇ حرفنى تىلنىڭ سول يان قىسمىنى ئۆزۈنىسىغا بويلاپ ئۈستۈن طـــرفتىكى ئاخىرقى ئېزىق چىشتىن باشلاپ جمعى بەش چىش (نواجذ، طواحن و ضواحك قاتارلىقلار)غا تىرەپ تۇرۇپ تاۋۇشنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئورۇندايدۇ (جهـــــــرنىڭ وجەدىن)، تاۋۇش پەيدىن-پەي توختايدۇ (رخوەنىڭ وجەدىن)، ئېغىز توشۇپ تاۋۇش تازا توم ئېلىنىدۇ (اســـتعلاء و اطبـــاقنىڭ وجەدىن)، تېز ئورۇندالماستىن، بەلكى تىل يېنى تىرىلىپ تۇرۇپ تراخى بىلەن ئورۇندىلىدۇ (استطالت واصماتنىڭ وجەدىن).

علامه جزری «كتاب تمهيد»دا ئېيتىدۇ: بۇ حــرف مــشكل الاداءدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەردە ھەرخىل تۈستە ئوروۇنداش ئاڭلىنىدۇ. لكن صحيح ئوروۇندالغىنى ناھايىتى ئاز. بعض كىشىلەر ‹ظاء› معجمه چىقىرىپ قويىدۇ، چۈنكى ‹ضــاد› بىلەن ‹ظــاء› استطالت دىگەن صفتدىن باشقا تمام صــفتلەردە مــشتركدۇر. شۇنداقلا كۆپ ساندىكى سوريەلىكلەر ‹ظاء› ئوروۇنداپ قويىدۇ، لكن مۇنداق قىلىش قطعى خطاء و لحن جلىدۇر.

مشهور امام النحو ابن جنّى «كتاب التنبيه»دە ئېيتىدۇ: بعــض عربلەر ‹ضاد›نى بعينه ‹ظاء› چىقىرىپ قويىدۇ. امَّا عوام النــاس ئۈچۈن كەڭچىلىك بار، بعض كىشىلەر تىل يېنىنى ئېزىق چىشلارغا بىر پۈتۈن تىرىمەي ‹طاء›دەكلا ئوروۇنداپ قويىدۇ، بۇ مــصرلىق و اهل مغربلەرنىڭ نــاقصلىقى، بعــض كىشىلەر ‹دال› مفخَّمــه چىقىرىپ قويىدۇ، بعض كىشىلەر لام مفخَّمــه چىقىرىپ قويىدۇ، خۇددى زيلعى و باشقىلارنىڭ تلفّظدەك ( نهاية القول المفيــد، 96، 97- صفحة ).

علامه مرعشى رِعايەدىن نقــل قىلىپ ئېيتىدۇ: مجــوّد قارى ئۈچۈن ‹ضاد›نى مفخَّمه، مــستعليه، مطبقــه، مــستطيله قاتارلىق صفتلەرگە تولۇق چۈشۈرۈپ ئوروۇندىشى ضروردۇر. بۇصــورتدە ئېغىــز بوشلۇقىدىكى ھاۋانىــڭ چىقىــپ كېتىــشى بىلــەن تــاۋۇش

ظاهربولىدۇ. چۈنكى تىل يېنىنى ئېزىق چىشلارغا تىرەپ تلفظ قىلىدۇ. لكن ئەگەر بۇ حرفنى ئورۇنداشتا اِفراط قىلىۋەتسە، ‹ظاء› معجمه تلفُّظ قىلىنىپ قالىدۇ. دېمەك، ھەر ھالدا بۇ حرف مشكل الاداءدۇر. شۇڭا تجويد تلفظغا ماهر، تىلى ناھايىتى سىلىق استاذدىن مشق ئۆگىنىش ضرور. ‹ضاد›نى صحيح ئورۇندىسا، ئاڭلىنىشتا ‹ظاء›غا ناھايىتى يېقىن ئاڭلىنىدۇ.

فماذا بعد الحق الا الضلال ( نهاية القول المفيدص 87).

افسوسكى، بعض كىشىلەر مۇنداق خطاء ئويدا بولىدۇ: بىز ‹ضاد› حرفىنى بعينه ‹ظاء› ئوقۇتىشىمىز لازم. بۇ ئوي صحيح ئەمەس. «قرآن كريم»دە 1617 جايدا ‹ضاد› حرفىنىڭ رسمًا و تلفظًا بارلىقىغا بىز اقرار. يەنە ‹ظهر، عظيم› و باشقىلاردا ‹ظاء› حرفىنىڭ بارلىقىغا و ‹ضاد› حرفىنىڭ يوقلۇقىغا بىز اقرار، ‹ضوء، فضل، رمضان› و باشقىلاردا ‹ضاد› حرفىنىڭ بارلىقىغا و ‹ظاء› حرفىنىڭ يوقلۇقىغا بىز اقرار، گەپنى يىلتىزىدىن ئېيتقاندا عرب تىلىدا بۇ ئىككى حرف بىر ـ بىرىدىن ئايرىمدۇر، ھەرگىز بىر حرف ئەمەس. لكن سلف و خلفدىن ‹ضاد› حرفىنى مخارج و صفاتلىرىغا چۈشۈرۈپ ئورۇندىغاندا ئاڭلىنىشتا ‹ضاد› بىلەن ‹ظاء› بىر ـ بىرىگە ئوخشاش ئاڭلىنىدىغانلىقى متواتر طريقه بىلەن كەلدى. شۇنداقلا علامه ابن تيميه رحمه الله ئېيتىدۇ:

«ئىككى حرف ئاڭلىنىشتا بىر ـ بىرىگە ئوخشايدۇ» فتاوى ج 23صفحه 250

شيخ يوسف خليفه ابو بكر سودانى ئۆزىنىڭ «اصواتُ القرآن» دېگەن كىتابىدا ئېيتىدۇ: بىزنىڭ مشايخلار ‹ضاد›نىڭ مخرج حافه لسان يُمنٰى، ياكى يُسرٰى، ياكى ئىككىلىسى دەپ ئۇقتۇردى. خصوصًا اهل تعليمگه ‹دال›غا ئوخشاش ئورۇندىتىش عادت بولۇپ كەلدى، بۇنداق تلفظ قىلىش صحيح ئەمەس. چۈنكى بارلىق تجويد علمآءلىرى بۇ رخوه حرفىگە تعيين بولۇپ، مخرجده تاۋۇش پەيدىن ـ پەي توختايدۇ، دېگەنگە اتفاق كەلدى، يعنى مخرجده تاۋۇشنىڭ انحصارى ضعيف بولىدۇ. اصوات القرآن صفحه70.

علامه سيوطى ئېيتىدۇ: «ضاد بىلەن ظاء نىڭ صفتلىرىده ئورتاقلىق بولغانلىقتىن تاۋۇشتا ئوخشاشلىق موجود» الاتقان فى علوم القرآن 1 ـ ج، صفحه 122.

حقيقت شۇكى، ‹ضاد›دا ئازغىنه تَفَشّى موجود. جمهور مشايخلار گەرچه تفشى شين حرفىگىلا منسوب دەپ ئۇقتۇرغان بولسىمۇ، لكن ‹ضاد› هەققىده بۇ توغرىدا انكار يوق. چۈنكى ‹ضاد›دا تفشى ضعيفدۇر. تفصيلىنى بىلىش ئۈچۈن نهاية القول المفيد، بيان صفة التفشى ملاحظه قىلىنغاي.

بىزدىكى ساقلىنالمايۋاتقان علّت شۇكى، مشبه بە بولغان ‹ظاء› حرفنىڭ تلفظمۇ كۆپ ساندىكى كىشىلەردە صحيح ئەمەس. چۈنكى ‹ظاء› صفير دېگەن صفتگە ئىگە ‹زاء›غا يېقىنلىشىپلا قالىدۇ، حتى خيالمۇ شۇنداق ئوخشاشلىقتا ئورۇن قالدۇرۇپ قالىدۇ. دېمەك، ‹ظاء› بىلەن ‹ضاد›نى صفير دېگەن صفتدە بىرلىشىپ كېتىشتىن ساقلاپ قېلىش ضروردۇر.

كۆپ ساندىكى مصرلىق تجويد وقرائت استاذلىرىنىڭ حالغا نظر تاشلايلى!

بعض طالب العلم ‹ضاد› حرفنى ‹ظاء›غا ئوخشىتىپ ئوقۇسا، بۇ ئۇلارنىڭ عادتگە خلاف بولغانلىقتىن، طالبلارنى بۇنىڭدىن قاتتىق منع قىلىدۇ، طالب العلملار ئەگەر ‹ضاد›نى خالص ‹دال›نىڭ مخرجدە چىقارسا، بۇ صحيح بولىدى، دېيىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مصر محقّقلىرى ‹دال›غا ئوخشىتىپ چىقارغان ‹ضاد›نى ‹ضاد› مُحْدَثَە دەپ قرار قىلىشتى. (كتاب لحن العامة الزبيدى صفحه225، 226)

الحمد لله پاكستاندا حاضر بۇ اختلافى مصيبت يېقىندا تۈگىدى. يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە شۇ قدر قاتتىق اختلاف بولغانكى، تجويدچىلەر بىر-بىرىنى كفرغىچە نسبت بېرىشىپ، حتى

مسجدلىرىمۇ ئايرىم، امام‌لىرىمۇ ئايرىم بولۇپ كەتكەن. حاضىر بۇ مسئلەگە ئائىت اختلاف بالكل تۈگىدى.

محترم استاذ حضرتِ قارى عبد المالك رحمة الله عليەنىڭ درس‌گە ئولتۇرىشى بىلەن بۇ جدل ـ ماجرالار ئۆزلىكىدىن يوقۇلۇپ تجويد بىرلىكى كۆرۈنەرلىك ھالدا يېڭىدىن ئۆز مطلوبىنى تىكلىدى، والحمد لله على ذلك.

**مدلەرنىڭ مقدارى**: قولۇڭلاردىكى بۇ «جمال القرآن» اصليدە ابتدائى طلبە ئۈچۈن تۈزۈلگەن بىر رسالە ئىدى، بۇنىڭغا حاشيە يازغانلار ئۇزۇن بحث قىلىش ئىشكىنى ئېچىپ، ئىخچام ھەم ئوقۇمۇشلۇق بۇ رسالەنى تېپىشماققا ئايلاندۇرۇپ قويدى. بۇ سبب‌لىك ابتدائى ئوقۇغۇچىلار ئالدى بىلەن «شاطبيه»، «طيّبه»، «نشر كبير» و «تيسير» قاتارلىق كتاب‌لارنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاندىن بۇ جمال القرآننى قولغا ئالىدىغان بولۇپ قالدى.

مصنف عليه الرحمة كۆرسەتكەن مد متصل و منفصل و مد لازم قاتارلىقلارنىڭ مقدارى شۇ بعض حاشيە يازغۇچىلار ئۈچۈن بىر قىيىن مسئلە بولۇپ قالغان، ۋەھالەنكى گەپ اصليدە مۈنچىلىكلا ئىدى: مد متصل ومنفصل قاتارلىقلاردا مصنف عليه الرحمة ‹الف›نى سۆزلەپ بىر حركت مقدارى‌نى ارادە قىلدى و مد لازم‌نىڭ بيان‌دىكى ‹الف›دىن ئىككى حركت مقدارى‌نى ارادە قىلدى.

شۇنداقلا مد متصل‌دا بۇنىڭ مقدارى ئۈچ ‹الف› ياكى تۆت ‹الـــف› دېيدى.

‹الف›نى مۆلچەر قىلىشنىڭ طريقەسى توققۇزىنچى درس‌نىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق قاعـــدەسىدە يېزىلدى. قانداق بولسا مەيلى، حروف مدنىڭ اصلى مقـــدارى بىر دەۋاتقان مقـــداردىن ئايرىم بولىدۇ، مثلاً: «جَآءَ»دە ئەگەر مد بولمىسا، ‹الف›نىڭ ذات‌دا مـــد مقدارى بولىدۇ.

چوڭ ـ چوڭ تجويد كتاب‌لىرىدىمۇ يېزىلغانكى، مـــد متـــصل توغرىسىدا امام عاصم‌نىڭ توسطدىن مرادى تۆت حركـــت ياكى بەش حركت‌دۇر.

شيخ على محمد ضباع ئېيتىدۇ: ابن عامر شامى، كسائى وعاصم قاتارلىقلار مد متصل و منفصل‌نى تۆت حركت مقدارى سوزىدۇ.

امام عاصم ئۈچۈن يەنە بىر مذهب‌مۇ بار يعـــنى ئىككىلىسىنى بەش حركت مقدارى سوزىدۇ. (ارشاد المريد صفحه84 على هامش ابراز المعانى)

«جمال القرآن»دىكى مد لازم دەپ ئاتالغان مدنىڭ مقدارى ئۈچ ‹الف›دۇر، ئاگاھ بولۇڭكى، مـــد لازم‌نىڭ تۆتلى قسمىدا قـــرّاء سبعەنىڭ رأيى‌دە طول‌دىن ئالتە حركت مقـــدارى مـــراد بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «جمال القرآن»نىڭ «ئۈچ الف» دېگەن الفاظنىڭ

معنىسى ئالته حركت مراد دېگەن بولىدۇ، دەل مۇشۇ بلا اختلاف طول‌نىڭ مقدارىدۇر.

حاصل كلام مصنف عليه الرحمة مد متصل و منفصل‌دىكى ‹الف›دىن بىر حركت مقدارىنى اراده قىلدى و مد لازم‌دىكى ‹الف› دېگەندىن ئىككى حركت مقدارىنى اراده قىلدى. ابتدائى طالب‌لار بۇنىڭدىن مد متصل و منفصل‌دا مقدار زياده، مد لازم‌دا مقدار كەم ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالىدۇ، ۋەهالەنكى ئىش بۇنىڭ عكسى.

**مقدارلارنىڭ بيانىدا:** بىلىش لازىمكى، مد متصل‌دا بىر نەرسە اتفاقى و يەنە بىرنەرسە اختلافىدۇر.

اتفاقى نەرسە شۇكى، مد متصل‌نى مقدار اصلى‌دىن ئارتۇق سوزۇشقا بارچە قارىلار متفق بولۇپ، هېچقانداق ئورۇندا قصر جائز ئەمەس.

اختلافى نەرسە شۇكى، بۇ مد اصلى‌گە زياده قىلىش مقدارىدا قارى حضرتلەرنىڭ رأيى هەرخىلدۇر. شۇنداقلا امام حمزه طول قىلىدۇ، بۇذاتنىڭ مۆلچىرى ئۈچ ‹الف› مقدارى (ئالته حركت مقدارى). ئۇنىڭدىن كېيىن امام عاصم بولۇپ، بۇ ذاتنىڭ مۆلچىرى بۇ يەردە ئىككى ‹الف› مقدارى (تۆت حركت) و يەنە بىر قولدە ئىككى يېرىم ‹الف› مقدارى (بەش حركت مقدارى) شامى و كسائى‌نىڭ رأييدە بۇ يەردە ئىككى ‹الف› مقدارى (تۆت حركت) قالون ، ابن كثير و ابو عمرو بصرى‌نىڭ رأييده بۇ يەردە ئىككى ‹الف› مقدارى (تۆت حركت) و يەنە

بىر قولدە بىر يېرىم ‹الف› مقدارى (ئۈچ حركت مقدارى). دېمەك، ھەر بىر ‹الف›دىن ئىككى حركت مقدارى مراددۇر.

بىزنىڭ مشايخلار حركــت مقـــدارىنىڭ مۆلچىرىنى بارماقلارنىڭ ئېچىلىشى ياكى يۇمۇلىشى مقدارى بىلەن كۆرستەتتى، بۇ ئېچىلىش ياكى بۇ يۇمۇلۇش ئوتتۇراھال حركــت بولۇش لازم، بەك تېزمۇ ئەمەس و بەك ئاستىمۇ ئەمەس.

ئەمدى طــول بەش ‹الــف› مقـــدارى بولىدۇ دېيەن بولسا، ئاگاھ بولۇڭكى، ئۇنىڭ رأييدە ھەر بىر ‹الف›نىڭ مقدارى بىر حركتدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مجموعى ئالتە حركت بولىدۇ. چۈنكى مد اصلىنى بۇ مقـــدار ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بولىدۇ. شۇنىڭدەك توسطنىڭ مقدارى ئۈچ ‹الف› يـــاكى ئىككى ‹الـــف› دېيەن بولسا، بىلىۋېلىڭكى، ئۇنىڭ رأييـــدە ئۇنىڭغا بىر حركت بولغان مد اصلىنىڭ مقدارىنى ئۆزئىچىگە ئالدۇرمىغان بولدى.

بولۇپمۇ بىز توختىلىۋاتقان مقدارنى كۆڭۈل قويۇپ چۈشىنىۋېلىش لازم (نهاية القول المفيد صفحه170~169). مذكور حوالــه بىلەن گەپ ئېنىق بولدىكى، «جمال القرآن»نىڭ مصنف اشرف على تهانوى مد متـــصلنىڭ مقدارىنى ئۈچ ‹الف› ياكى تۆت ‹الف› مقدارى دەپ بىر ‹الـــف›دىن بىر حركت مقدارىنى اراده قىلىدىغان حضرتلەرنىڭ قولنى اختيـــارقىلدى و شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇنداق دېدىكى، بۇنىڭدا بىر حركت دېيەن مرادغا ئاساسەن اصلى مقدارنى ئۆزئىچىگە ئالمىغان بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى

ئۆزئىچىگە ئالدۇرغان ئاساستا مد متصل‌نىڭ مقدارى تۆت حركت ياكى بەش حركت بولىدى. شۇنداقلا امام عاصم‌نىڭ رأييده توسطنىڭ مقدارىدا مد متصل توغرىسىدا ئىككى قَوْل بار (تۆت حركت ياكى بەش حركت مقدارى)، ئۇنىڭ كەينىدىن «جمال القرآن»نىڭ مصنف مد لازم توغرىسىدا طول‌نىڭ مقدارىنى ئۈچ ‹الف› بىلەن مۆلچەرلىدى، بۇنىڭدىن ئالتە حركت مقدارىنى اراده قىلماقچى.

خلاصه شۇ بولىدىكى، «جمال القرآن»نىڭ ھەممىلا يېرىدىكى مد مقدارلىرىنى بيان قىلىشتا تجويد مشايخ‌لىرىنىڭ قَوْل‌دىن چەتنەپ كەتكىنى يوق. مد متصل و منفصل دېگەن يەردە ‹الف› بىر حركت مقدارى دېگەن قَوْل ئېلىنىدى و مد لازم دېگەن يەردە ‹الف› ئىككى حركت مقدارى دېگەن قَوْل ئېلىندى و بۇ ئىككى تعبير مشايخ كرام‌لاردىن مروى‌دۇر.

بۇ شرح‌لەر بىلەن الحمد الله بىزنىڭ كاللىمىزدىكى ضدّيت‌مۇ تۈگىدى.

كتبه خادم القرآن الكريم اظهار احمد تھانوى
استاذ كلية اصول الدين و القراءة جامعه اسلاميه عالميه اسلام آباد.

وآخر دعوانا ان الحمد لله رب العالمين

## مۆندەرجە